飞跃 FEIYUE



Yamata ®



# تەڭرىتاغ

1995·1

TANGRITAG

ISSN 1004-1745

01>

9 771004 174004









FEIYUE



## جېجياڭ فېيۆ كىيىم تىكىش ماشىنىسى سانائىتى شىركىتى

فېيۆ كىيىم تىكىش ماشىنىسى سانائىتى شىركىتى جۇڭگودىكى
سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى
ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن بىرى. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى
180 مىڭ كۋادرات مېتىر. لاھىيىلەش، قۇيۇپ ياساش، مېتال
پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش
قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا
ئىگە. چورلاش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە
ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ھەمدە ئۇزلۇكسىز تىرىشىپ يېڭى
مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئىلمىي
باشقۇرۇلۇشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە.
ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش
مىقدارى 500 مىڭ دانىدىن ئاشىدىغان سانائەتتە
ئىشلىتىلىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىش،
ئېكسپورت قىلىش بازىسى قىلىپ شەكىللەندۈرىمىز.

تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1995-يىل 1-سان


# مۇندەرىجە

## پوۋېست


قاغجىرىغان قەلب ................................ قادىر ئارسلان 1


## ھېكايىلەر


ئاي يۈتكەن كېچە ................................ ئۆمەر قادىر 62

بۆرە ۋە ئادەم ................................ توختى ئايۇپ 29

گۆركار ................................ ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم 55

ئېچىرقاش ................................ ئەنۋەر مۇھەممەت 56

ساۋاقدىشىم ................................ ئالىمجان ياسىن 57

قول سائەت ................................ ئالتۇنگۈل رەجەپ 58

كۈتۈش ................................ ئەختەرنىسا غوپۇر 61

سىرلىق ھەيكەل (ئىزلەنمە ھېكايە) ............... ئوسمان ھوشۇر 24


## شېئىرلار


مۇھەببەت ۋە جاراھەت ................................ ئابدۇقادىر ھەمدۇللا 49

ئىككى شېئىر ................................ پەرھات باھايىدىن 49

يىراق خىلۋەت سەھرادا ئانام ................................ ئۈمىد تەۋەللۇت 50


## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


ئابدۇرىشىت ئېلى، مەڭلىك كېرەم، ئابدۇكېرىم ھاپىز، سەمەت ئابدۇراخمان

مېھرىگۈل ئابدۇخالىق، ئابدۇۋايىت مۆلجەرى، تويغۇنجان ئابدۇللا، ئۆمەرجان ئوبۇل... 51

## ۋەتەن ۋە بۇرچ


مىللەت ساپاسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت .......... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 17


## يۇزمۇ — يۈز


ئەدىبلەر ئارا سۆھبەت .................... نىيازئىمىن قۇربانى 44


## دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر


شېئىرلار ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى 77


## ئەدەبىي ئاخبارات


ئازاب دېڭىزىدىكى مەھبۇس .................... جاك چېڭگۇك غوپۇر قادىر تەرجىمىسى 80


## نەسرلەر


نەسرلەر ........................ ئابدۇكېرىم ناسىر 102


## تەرمىلەر


مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................ 103


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................ 104


بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز، ئەكبەر سالىھ ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: جەلىيەم ئابلىمىت

# قاغجىرىغان قەلب

## (پوۋېست)





قادىر ئارسلان

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

### 5

ھەر بىر ئايال زاتى ئۈچۈن قىلچە چۈشەنمەيدىغان، قىلچە كۆڭلى بولمىغان ناتونۇش بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە چۈشۈشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك. بىراق خۇدا بىزنى شۇنداق ياراتقان ئوخشايدۇ، كۆنمەسكە ئىلاجىمىز بولمايدىكەن. كاتتا تويلۇقلار، ھەشەمەتلىك توي، ياسىداق ئۆي ماڭا قىلچە خۇشاللىق بېغىشلىيالمىدى. بىراق ئۆي تۇتقانىكەنمەن، ئالىمجان بىلەن ئىناق ئۆتۈشۈم، دىيانەتلىك ئايال بولۇشۇم لازىم. مەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا ئەنە شۇنداق ئويلىغانىدىم، قانداقلا بولمىسۇن، مېنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسىدىن مەھرۇم قالغىنىم يوق. ئۇ

بولسىمۇ ئۆزۈم سۆيگەن كەسپىمنى ئىشلەش ئىدى.

تويدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشقا چۈشمەكچى بولدۇم.

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ — دېدى ئالىمجان تۈنجى قېتىم قوپاللىق بىلەن «سەن» لەپ، — بەك تاقلىغۇڭ كېلىپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق زەھەرلىك گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدىم.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدىم مەن رەنجىگەن ھالدا، — رۇخسەت ۋاقتىم ئېشىپ كەتتى، ئەمدى خىزمەتكە چۈشمىسەم سەت ئەمەسمۇ؟

— ئۆمەكتىكى بىرەر كومشاغا بىلىنگىنى ئۆتتۈزغىلى كۆڭلۈڭ ئالدىراپ كېتىۋاتقاندۇ-ھەقە-چان! — دەپ ھۆرپەيدى ئۇ.

مەنمۇ بوش كەلمەي ئېغىز سالدىم. ئىككىمىز تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرغىنىمىزدا، بىرەيلەن دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماجىرا بېسىلىپ قالدى. بىز چوڭ ئۆيگە چاپتۇق...

رەھمەتلىك دادامنىڭ يىلى توشقۇچە مېنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىم مۇمكىن بولمىدى. ئۆمەككە بېرىپ باشقىلارنىڭ رەپتىسىنى كۆرۈش، ئىشلارغا ئانچە-مۇنچە قارىشىپ قويۇشتىن باشقا ئىشىم يوق ئىدى.

ئۆيدە مەن بارغانچە كەمسۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئالىمجان ماشىنا پارىكى بولۇپ قالسىلا، جانلىنىپ ماشىنىنىڭ مەن ئۇقمايدىغان ئالىلقانداق زاپچاسلىرى، ماشىنا خىللىرى توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغان، باشقا ھېچقانداق گەپ خۇش ياقمايدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزۈككىنە پاراڭمۇ بولۇنمايتتى، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئىللىق سۆزلەر، قىزغىن مۇناسىۋەتلەردىن ھەرگىز ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. مەن ئۇقۇغان، مۇھەببەت، ئائىلە دېگەنگە ھېسسىياتچان قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغۇچى، مەن بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش سەپىرىدە ياندىشىپ ماڭغۇچىنىڭ مېنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشنى، ماڭا مېھىر-مۇھەببەت، سۆيگۈ لەززىتى بېرىشى كېرەك دەپ قارايتتىم. لېكىن ئالىمجان بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەن-مەيدىغانلاردىن ئىدى. كېچىلىرى خورەك تارتىپ ياتقان ئالىمجاننىڭ يېنىدا غېرىبسىنىپ ياتقان چاغلىرىمدا يۈرقەت ئېسىمگە كېلەتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەي قىينىلىپ كېتەتتىم. ئەمما ئۇ پۈتۈن بەدىنىمنى ئالدىرىماي سىلاۋاتقاندەك، قۇلىقىمغا تاتلىق سۆزلەرنى پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاشۇ سىلاشلاردىن ئىختىيارسىز تولغىنىپ، نازلىق ئىڭرىغەتكىلى تاس قالاتتىم. ئاشۇ تاتلىق سۆزلەر قەلبىمنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرەتتى... چۆچۈپ كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، يەنە شۇ قاراڭغۇ ئۆي، كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورەك ئاۋازى... بىر خىل ئاچچىق سېزىم ئىچىمنى ئېچىشتۇراتتى، تۇرۇپلا مەن ئۆزۈمنى ئېرىمگە خىيانەت قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتىم-دە، قورقۇش ئىچىدە بۇنىڭغا توۋا قىلغاندەك نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتىم.

دادامنىڭ يىلى توشۇپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا قىزىم خەمدەنى تۇغدۇم. قىزىمنى ئاپامنىڭكىدە ئۆتكۈزدۈم. ئالىمجان بۆشۈك تويىنى كاتتا ئۆتكۈزۈپ مېنى ئۆيگە ئەكىلىۋالدى. ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتنى يېتەرلىك قىلغان بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەر مېنى خۇشال قىلالمىدى. ئەمما

مەن: «ئەمدى باللىق بولدۇق، مۇناسىۋىتىمىز قويۇقلىشىپ قالسا، ئائىلىمىز ئىللىقلىققا تولسا ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن ئىشقا چۈشۈشۈم كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ ئۆلۈم-يېتىم، تۇغۇت ئىشلىرى بىلەن بىر يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بىر قېتىم ئۆمەككە بارغىنىمدا ئۆمەك باشلىقى يوغىناپ قالغان قورسىقىمغا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىغىنىچە: «ھەي شەھىدە، شەھىدە، مۇسىبەت بىلەن ئويۇنغا قاتنىشالمىغىنىڭىزمۇ يېتەر ئىدى، ئەمدى باللىق بولسىڭىز يەنە قانچىلىك ۋاقتىڭىز ئۆتۈپ كېتەر» دەپ مېنى بەك خىجىل قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدى مەن بالدۇرراق ئىشقا چۈشمىسەم بولمايتتى. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن خەمىدەگە قارايدىغان ئادەم لازىم بولاتتى. ئاپام قاراپ بەرسۇن، دەي دېسەم ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، سەھرادىن قولى-پۇتى چاققان، چىچەن قىزدىن بىرنى تاپقىنىمىز تۈزۈك ئىدى.

بۇ خىيالنى ئالىمجانغا ئېيتتىۋىدىم، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى:

— سېنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپ بالىغا قارايدىغان قىزنىڭ يولىنىمۇ قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن، — ئەمما مەن ئۇنى سېنى ئۇسسۇل ئوينىۋالسۇن دەپ ئەكلەي دەۋاتقىنىم يوق...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدىم مەن ئەرۋاھىم ئۇچۇپ، — مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىممۇ ئۇسسۇل، ھازىرقى خىزمىتىممۇ شۇ، يەنە كېلىپ مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن!

— ياخشى كۆرىمەن؟ — ئۇ كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ چەكچەيدى، — شۇمۇ گەپ بوپتۇ. بىر ئەرنىڭ ئىلكىدىكى خوتۇن ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ بىلىپ قوي، مەن نېمە قىلىمەن دېسەڭ ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرىدىغان ئۇنداق يۇمشاق باش ئەرلەردىن ئەمەس!

— ئۇنداق ئادەم بىلىپ تۇرۇپ مېنى نېمىشقا ئالغان؟ — دېدىم مەن جەھلىم قېتىپ.

— مەن سېنى ئادەم قىلىپ ساۋاب تاپىمەن دەپ ئالغان، شۇنداق قىلىشقا كۆزۈم يېتىپ ئالغان، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئوقۇغان بولساڭ نېمە بوپتۇ، ئوقۇغىنىڭ سېنى بىر تۆمۈر تاۋاققا ئىگە قىلىپ قويدى. ئەمدى خوتۇن خەققە لايىق كېلىدىغان باشقا ئىشنى قىلساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىمىسا قارنى ئاچ، ئۈستى يېلىڭ قالىدىغاندەك قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ! يۆتكىلىدىغان يېرىڭنىمۇ تەييار قىلىپ قويدۇم، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەيسەن.

— ياق، ياق! — دەپ يىغلىۋەتتىم مەن، — بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەنمۇ بىر ئادەم، ئۆز ئىشىمغا ئۆزۈم ئىگە بولۇشۇم كېرەك. مەن ھېچ يەرگە يۆتكەلمەيمەن.

مەڭزىمگە تەگكەن كاچاتنىڭ زەربىدىن سۇپىغا يىقىلىپ چۈشتۈم. بۆشۈكتىكى خەمىدە قىقىراپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولامسەن تېخى؟ — دېدى ئالىمجان دىمىغىنى قېقىپ، — ياخشى، شۇنداق قىل، ھازىر ئۆيدىن چىق، بالىدىن كەچسەڭلا بولدى، مەن خېتىڭنى بېرىمەن!

كاللام ۋاراڭشىپ كەتتى، مېنى بىر ۋەھىمە بالىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى ئورىۋالدى. مەن ئۆمىلىگىنىمچە بېرىپ بۆشۈككە ئېسىلدىم ۋە:

— ياق-ياق، بالا مېنىڭ!... — دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلدىم...

ئاخىرى يەنىلا مەن يېڭىلدىم. ئىسمى

جىسمىغا ئازراقمۇ ماس كەلمەيدىغان ئەر غالىب كەلدى..

شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى ئىدارەمدە ئىشلەپ قالدىم. يىلدا بىرنەچچە قېتىم ئېچىلىپ قالىدىغان يىغىننىڭ تەييارلىقى بىلەن پاتپاراق بولمىساق، قالغان ۋاقىتتا ئاساسەن ئىشخانىدا گېزىت ئوقۇش، ئېپقاچتى پاراڭلارنى قىلىش بىلەن كۈنلىرىمىز ئۆتەتتى. ھەرھالدا ئىشخانىغا كەلسەم ئايگۈلدەك سۆزمەن چوكانلارنىڭ قىزىق پاراڭلىرى بىلەن كۆڭلۈم بىرئاز ئېچىلىپ قالاتتى.

ۋاقىت دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن، ئۇنىڭ ئۆتۈۋېرىشىگە ئەگىشىپ ئادەم ئۆزى خالىمىغان تۇرمۇش شەكلىگىمۇ كۆنۈپ قالىدىكەن. مانا مەن شۇنداق بولدۇم، ئېرىمنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، ماڭا نورمال بىر ئىشتەك گويا شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بالىلىق چاغلىرىمدىكى گۈزەل خاتىرىلەر، سەنئەت مەكتەپتىكى ئۇنتۇلماس چاغلار خۇددى بىر چۈشتەك بىلىنەتتى. بىراق بۇ چۈش تۇرۇپ-تۇرۇپ مېنى ئويچان قىلىپ قوياتتى. «بىز ئايال خەق نېمىدېگەن بىچارە-ھە؟! — دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم مەن بەزىدە، — ئوخشاشلا ئىنسان نامى، ئىنسان پەزىلىتى بىلەن دۇنياغا تۆرەلگىنىمىز بىلەن، ئىنسان سۈپىتىدە ياشىشىمىزنىڭ يولى تار بولىدىكەن...»

ئالىمجان مېنىڭ ئىلگىرىكى قىز ساۋاقداشلىرىم بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىمىغىمۇ يول قويمايتتى. ئىدارىدىكى ئاياللار چاي ئۆتكۈزۈپ قالسىمۇ ئادىمەتچىلىكنى قىلىپ قويۇپلا ئۆيگە ئالدىرىشىمغا توغرا كېلەتتى. سەللا كېچىكىپ قالسام، ئۇ باستۇرۇپ كىرەتتى-دە، ئاياللار ئالدىدا قىلچە يۈز-خاتىرەمنى قىلماي تىل سالاتتى ۋە خۇددى بىرەر يەردە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىسىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندەك ياندۇرۇپ كېلەتتى. «ياللا، شەھەردە ،ئېرىڭىز سىزنى ئەجەبمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى بەزى ئاياللار، — ھەتتا بىز ئاياللاردىنمۇ كۈنلەيدىكەن ئەمەسمۇ!»

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھار ئالسامۇ، جاۋاب بېرىشكە لايىقىدا سۆز ئاچالمايتتىم. ئالىمجاننىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ياخشى كۆرۈشتىن دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ پەقەت خوتۇنىنى مۇشۇنداق چىڭ تۇتسام تاپتىن چىقىپ كەتمەيدۇ دېگەنگە ئەقىدە قىلىپلا شۇنداق قىلاتتى. ئەگەر ئۇ راستىنلا مېنى ياخشى كۆرگەن بولسا، مىجەزى ئوڭلۇق، كەيپى چاغ كۈنلەردە بولسىمۇ بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆز قىلىپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قويغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ كىيىم-كېچەكىم، زىبۇ-زىننىتىم ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل ئاجراتسىمۇ، بۇ ئىش مېنى خۇش قىلالمايتتى. مەن بۇنداق بىمەنە تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدىم دېگىنىم بىلەن، مەن يەنىلا ئىللىق مۇئامىلىگە، ئوتلۇق مۇھەببەتكە تەشنا ئىدىم. بىراق ئالىمجان بۇنى چۈشەنمەيتتى، ئەسلا چۈشەنمەيتتى.

بىر كۈنى ئالىمجاننىڭ يېقىن ناھىيىدىكى ئاچىسىنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ ئەتىگەندىلا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئالدىمىزدىكى ئورۇندۇقتا يېشى قىرىقتىن ئاشقان، ئورۇق، جىۋەك بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن بىر خىل سىيادىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس قوزغىلىپ ئانچە ئۆتمەيلا ئۇ يانچە ئولتۇرۇۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئىككىلىرىمۇ ناھىيىگە ماڭغان ئوخشىمامىلا؟

— ھەئە، تۇغقان يوقلاپ، — دېدىم

مەن مۇلايىملىق بىلەن ۋە ئۆز يولىدا سوراپ قويدۇم، — سىلىچۇ؟

— ھە-ھەي سىڭلىم، قىزىمنىڭ غېمىدا كېتىۋاتىمەن، — بۇ ئايال پاراڭچى ئايال ئوخشايدۇ، تۆكۈلۈپلا كەتتى، — بىر چىرايلىق، بىر ئوبدان چوڭ بولغان قىزىم بار ئىدى. شەھەردە نى-نى لايىقلار چىققان، دادىسى دېگەن گالۇۋش سىڭلىمنىڭ بالىسىغا بېرىمەن دەپ ئىككىسىنى چېتىپ قويدى. كۈيئوغۇل بالىمۇ ياۋاش، قولىدا ياغاچچىلىق ھۈنىرى بار ئوبدان بالا. بىراق قىزىمنىڭ قېيىن ئانىسى — ئېرىمنىڭ سىڭلىسى يامان جادۇ. تويدىن بېرى قىزىمغا كىيىم-كېچەك قىلىپ بەرگىلى قويماپتۇ. ئۆتكەن ھېيتتا تېخى ئاران بىر كويچەن ھېيتلىق بېرىپتۇ.

— لامزەللە!

ئالىمجاننىڭ چىش يىرىقىدىن چىقارغان بۇ سۆزى بىلەن چۆچۈپ كەتتىم. ئايالمۇ ئۇنىڭ تىللىشىنى ئۆزىگە ئېلىپ ئۆكۈپ كەتتى.

— سىلىنىڭ ئۇ كۈيئوغۇللىرى تازا لامزەللىكەن! — دېدى ئالىمجان چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — خوتۇن دېگەنگە كىيىم-كېچەك دېگەننى قىلىپ بېرىپ تۇرىدىغان گەپ، گەپنى ئاڭلىماي غىدىك-پىدىك قىلسا ساۋىداپ تۇرىدىغان گەپ. ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولمىسا ئۆيىنى ئۆي قىلغىلى بولامدۇ!

بۇ سۆزلەر خۇددى ماڭا قارىتىپ ئېيتىلماۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. مەن قوچىقىمدىكى خەمىدەنى ئەركىلەتكەن بولۇپ ئولتۇرۇۋالدىم.

— بەلەن گەپ قىلدىلا ئوكام، بەلەن گەپ قىلدىلا، — ئالىمجاننىڭ سۆزى ئايالغا يېقىپ كەتتى بولغاي، ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەر كىشى دېگەن سىلى دېگەندەك بولسا بولىدۇ. مانا بىزنىڭ ئەرمۇ ئاچچىقى كېلىپ قالسا مېنى تازا سالىدۇ، ئاغرىق دەردىدە ۋاي-ۋايلاپ ياتسام بىرەر پارچە رەختىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، خاپا بولما خوتۇن، مىجەزىمنى بىلىسەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئاغرىقىم توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ، ھى-ھى-ھى... خوتۇن كىشى ئەر دېگەنگە يەيمەن، كىيىمەن دەپ تەگمىسە نېمە قىلغىلى تېگىدۇ؟ كۈيئوغلۇمنى لامزەللە، دېدىلە، ئۇ دېگەنلىرىمۇ توغرىدۇ. ئەمما زە ئاۋۇ جادۇ يامان جادۇ. ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىۋاتقان شۇ. مانا ئەمدى قىزىمنى ئاجراشتۇرۇۋالاي دەپ ماڭدىم. قىزىمغۇ ئېرىگە سەل تارتىنىشقاندەك قىلىدۇ. تارتىشقىنى بىلەنمۇ بىكار، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا ئىگە بولالمايدىغان ئۇ بىرنېمىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان قىزىم يوق مېنىڭ...

بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاۋېتىپ كاللامغا غەلىتە بىر خىيال كەلدى: «ئالىمجان ئەسلىدە مۇشۇ ئايالغا كۈيئوغۇل بولۇشقا لايىق ئىكەندۇق...»

شۇغىنىسى، خىيال دېگەن خىيال ئىكەن. تەقدىر دېگەن بۇ رەھىمسىز سېھىرگەرنىڭ خىيالىدىكى ئىشلارنى ھېچكىم ئالدىن چۈشىنىپ بولالمايدىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىنچىكىرەك ئويلاپ كۆرۈشكە تولىمۇ قىسقا بىلىنىدىغان ھايات مۇساپىسىگە خىلمۇ خىل قاپقان ۋە توساقلارنى قۇرۇپ، تاماشا كۆرىدىكەن.

ئەگەر مەن ئالىمجانغا: «ماڭا سىزنىڭ كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننىتىڭىز كېرەك ئەمەس، بىزنى تەقدىر قوشقانىكەن، ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ماڭا شۇ كېرەك» دەپ باقسام، ئۇنىڭ مېنى ئالجىپسەن دېيىشى، ئاشۇ قىلىپ بەرگەنلىرىم ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىم ئەمەسمۇ دېيىشى تۇرغان

گەپ. ئۇنىڭ نەزەرىدە مەنمۇ ئۇنىڭ بىر مۈلكى ئىدىم. ئۇ بۇ مۈلۈكنى قانداق قىلمەن دېسە، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىدى.

بۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدىم دېگىنىم بىلەن، يېشىم ئۇلغايغانچە ئويلايدىغانلىرىم كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. تۇرمۇشۇمنىڭ بىمەززىلىكىنى، روھىي دۇنيارىمنىڭ قۇرۇقلۇقىنى، ئالىمجان بىلەن ئارامدىكى ھاڭنىڭ بارغانچە كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىۋاتاتتىم. بۇ خىل ھېسسىيات بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىش بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئىككى بالام مەكتەپكە كەتكەنىدى. ئىككى كۈن بۇرۇن سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئالىمجان ئۆيدە قالدى. مەن ئىشقا بارسام، ئىدارىدە سوماي بەرمەكچى بولۇپ قاپتۇ. مەن تۇلۇق ئەكىلىش ئۈچۈن ئۆيگە ياندىم. يولدا ئۇچراپ قالغان تونۇشۇمنىڭ گېپى تۈگمەي يېرىم سائەتتەك ھايال بولۇپ قالدىم.

ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم. «ئۇ ئۇخلاۋاتقاندۇ ھەقچان، ئويغۇسىنى بۇزۇپ قويسام ئېغىزىدىن نىجاسەت تۆكۈلمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ بىخەتەر قولۇپنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. ئۆيگە كىرىپ كارىۋات ئۈستىدە يوملاقلاشقان ئىككى يالىڭاچ بەدەننى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ بىرسى مېنىڭ ئېرىم، يەنە بىرى بولسا چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئىسكەتسىز بىر ئايال ئىدى، ئېرىم ماڭا قاراپلا قالدى، ئايال بولسا يوتقان ئىچىگە كىرىپلا كەتتى.

ئون يىلدىن بېرى مەن يېتىپ كەلگەن بۇ ئورۇن بۇلغانغانىدى. مېنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاۋۇ پاخما باش خوتۇننى يوتقاندىن سۆرەپ چىقىپ چاچلىرىنى يۇلغۇم كەلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر مەن ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم-دە، ئىشىكنى «تاققىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتىم.

مەن ئۇدۇل ئاپامنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن. كاللامنى ئەلەم قوچۇماقتا. «ئۇنىڭدىن قىلچە خۇشاللىق كۆرمىگەن بولساممۇ شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ كەلدىم، ھەۋەسلىرىمنىمۇ قۇربان قىلدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇ مۇشۇنداق... — مەن نەپرەت بىلەن ئويلىماقتىمەن، — مەن ئۇنى كۈنلەۋاتامدىم؟ ئۇ كۈنلەشكە ئەرزىمدۇ؟ ياق-ياق، ئۇ ئادەم ئەمەس، ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىر ياۋايى بۇقا...»

چىرايىم بەك ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئىشىكتىن كىرىشىمگە ئاپام ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ.

مەن ئاپامغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتىم. ئۇ: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ ھەيرانلىق بىلەن تەكرار-تەكرار سورايتتى. مەن بولسام بولغان ئىشنى قانداق ئېيتىشنى بىلمەيتتىم. مېنىڭ ئاپامغا: «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەن سەۋەبچى. مېنى بەختىمدىن، كەسپىمدىن ئايرىغانمۇ سەن» دەپ تاپا-تەنە قىلغۇم، شۇ ئارقىلىق ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالغۇم كەلدى. لېكىن ئۆز ۋاقتىدىمۇ تېگى-تەكتىدىن ماڭا يامانلىق ئويلىغان ئەمەس. ئويلىدى دېگەندىمۇ ئۇ يەنىلا ئانا. مېنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقىرالىشىم مۇمكىنمۇ؟

يىغلاۋېرىپ سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئاندىن ئاپامغا بايىقى ئوياتلىق ئىشنى سۆزلەپ بەردىم، ئاخىرىدا:

— بولدى، شۇنچە يىل چىدىدىم، ئەمدى

چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئاجرىشىمەن! — دېدىم.

ئاپام ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇھ تارتىشىدىن بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغىمۇ ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەت ئىش بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرى ھەسرەتلەنگەن ھالدا بېشىنى گىلدىڭشىتىپ، — ھە-ھەي بالام، بىز ئاياللار شۇنداق ئاجىز يارىلىپ قاپتىكەنمىز، شۇڭغا باقماي كۆڭۈل-كۆكسىمىز شۇنداق كەڭ. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ئازمايدۇ دېگىلى بولامدۇ. ئالىمجانمۇ شۇ تاپتا قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرىدىغاندۇ. ئاراڭلاردا ئىككى بالا بار ئەمەسمۇ؟ شۇلارنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋەتسەڭ نېمە بولىدۇ؟!

ئاپامنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا زادى ياقمىدى. مەن ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم، ئاپام جىمىپ قالدى.

مەن ئاچچىقتىن پۇچۇلىنىپ تۇرغىنىم بىلەن ئەركىن كۈنلەرنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلۈمنى بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى ئوراشقا باشلىدى.

كەچقۇرۇن خەمىدە بىلەن زۇلپىقار: «دادام ئاپاڭلارنى ئەكىلىڭلار دەپ بىزنى ئەۋەتتى، ئاپا كېتەيلى» دەپ يېتىپ كېلىشتى. ئاپام:

— سىلەرمۇ بۇ يەردە قونۇڭلار، — دېدى كەيپى ئۇچۇپ، — ئاپاڭلارنى ئەكەتكۈسى كەلسە يولىنى قىلىپ ئەكەتەمدۇ، تېخى چوڭ بولماپتۇ داداڭلار. ئاپاڭلارنى ئەكىلىڭلار؟ شۇمۇ گەپمىش تېخى!

شۇ تۇرغىنىمچە ئاپامنىڭكىدە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئارىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار كېلىپ كېتىپ يۇرۇشكە باشلىدى، تۈگمەس ۋەز-نەسىھەتلەر بېشىمنى گاراڭ قىلىۋەتتى. بىر ياقتا ئىككى بالامنىڭ يىغىسى... قانداق بولغىنىنى بىلمەيمەن، يەنىلا مەن بوشاپ قالدىم.

يەنە شۇ كۆڭۈلسىز ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئالىمجاننىڭ چىرايىغا قارىغۇمۇ كەلمەيتتى، ئۇ بۇرۇنقىدىن يۇمشاپ قالغاندەك قىلاتتى، لېكىن بۇمۇ ماڭا تەسىر قىلالمىدى. ھەر قېتىم ئاشۇ كارىۋاتنى كۆرگىنىمدە، مېنى بىر خىل يىرگىنىش تۇيغۇسى چىرمىۋالاتتى. مەن باللىرىم بىلەن يېتىشقا باشلىدىم. كېچىلەردە ئۇنىڭ پۇتۇمنى نوقۇشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئۇ مېنى ئاشۇ كارىۋاتقا چاقىرىپ ئاۋارە ئىدى، لېكىن مەن قەتئىي رەت قىلاتتىم. ئۇمۇ باللارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىردەم پۇشۇلداپ تۇرۇپ باقاتتى-دە، ئۆز خانىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن كەلسەم، باللار ئاپامنىڭكىگە كېتىپتۇ. مەن ئۇلارنى دادىسىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى پەملىدىم. «ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن» دەپ ئويلىدىم مەن نەپرەت بىلەن.

لېكىن شۇ كېچىدە ئۇ مېنى سۆپىدىن سۆرەپ چۈشۈپ كۆتۈرگىنىچە خانىسىغا ئەكىرىپ ھېلىقى يىرگىنىشلىك كارىۋاتقا ئاتتى. مېنىڭ تىپچەكلەشكىنىم كارغا كەلمىدى، مەن ئېلىشىۋېرىپ ئاخىرى ھالىمدىن كەتتىم.

ئۇ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى، مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن نەپرەتلەنگەن ھالدا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، تاشقىرىقى ئۆيگە يېنىپ چىقتىم، شۇ ئەسنادا مەن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندەك بىر خىل ئازابلىق ھېسسىياتتا ئىدىم. توغرا، مەن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدىم، گەرچە ئۇ مېنىڭ ئېرىم بولسىمۇ، مېنىڭ مەيلىم، مېنىڭ ھېسسىياتىم بىلەن قىلچە ھېسابلاشقىنى يوق.

شۇنداقكەن، بۇنىڭ باسقۇنچىلىقتىن نېمە پەرقى؟ مېنىڭ مۇشۇنداق خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىمغا ئون يىل بوپتۇ. بۇنى نېمىشقا بۇرۇن ئويلاپ يەتمىگەندىمەن؟! بىراق ئويلاپ يەتسەممۇ نېمە ئامالىم بار؟!

مەن ياستۇققا يۈزۈمنى يېقىپ ئاچچىق-ئاچچىق يىغلىدىم...

«... ھەي، سەن راستىنلا نادانكەنسەن!...»

ئايگۈلنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرى ئارتۇقچە ئىدى. چۈنكى مەن نادانلىق قىلغانلىقىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، بەلكى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنمەكتە ئىدىم.

## 6

سەمەر ئاكا بىزنى ئۆيىگە چاقىرغانىدى. ئالىمجان سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بولغاچقا كەچتە بالىلىرىمنى ئاپامنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇپ يەنە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىلىقىنى بىلمەيمەن، ئون يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆڭۈل قويۇپ تارىنىپ ياساندىم. كۆڭلۈمدە قورقۇنچتىن ئەسەر يوق ئىدى.

سەمەر ئاكامنىڭكىگە بارغىنىمدا، ئۆيدە ئەسقەركام بىلەن سەمەر ئاكا، يەنە پەتلەنگەن كەپكە كىيگەن، تاۋاق يۈزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ تۇرىدىغان، ئورا كۆزلىرى تەكەببۇرلۇق بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان خامسېمىز بىر كىشى ئولتۇراتتى. سەمەر ئاكىنىڭ ئايالى خالىدە بىلەن ئايگۈل ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش ئىدى.

— ۋاي كېلىڭ شەھەندە سىڭلىم، — دېدى خالىدە ھەدەم يۈز بېقىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، — سەمەر ئاكىڭىز سىزنى كېلەلمەيدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى. ئايگۈل، بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىۋېتىمەن. ئىككىڭلارمۇ ئۆيگە كىرىپ مېھمانلار بىلەن ئولتۇرۇڭلار.

دەستىخان مول ئىدى. لېكىن ئايگۈل ئىككىيلەن تازا ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرالمىدۇق. چۈنكى ئاشۇ ئورا كۆزنىڭ ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قاراشلىرى بىزنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى، خېلى كۈنلەردىن بېرى ئاغزىغا بىرنەرسە سېلىپ باقمىغاندەك ماچىلداشلىرى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇراتتى. بىردىنلا ئالىمجان ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ تاماق يېيىشى نېمانچە ئوخشاپ كەتكەن-ھە؟!... ئورا كۆزنىڭ ئايالىمۇ بىر بىچارە خوتۇنغۇ دەيمەن...

ئەسقەركامدىكى سالاپەت، پاكىزلىك ۋە سۇبات ئورا كۆز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق ھېسلارنى ئويغىتاتتى.

قورۇملار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەمەر ئاكا ئۈچ رومكىغا ئاق ھاراقنى تولدۇرۇپ قويۇپ، بىرئاز تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلدى، ئاندىن ئاياللارنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ:

— ئەسقەرنى ئاياللار تونۇيسىلەر، ئەمدى بۇ بۇرادىرىمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ئاغىنەم بىزنىڭ ناھىيىدىن، كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، بۈگۈن ۋىلايەتكە خىزمەت بىلەن كەپتىكەن، يۇرتلۇق ئاغىنەمنى يوقلاپ قوياي دەپ ئۆيگە كەپتۇ.

— «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەن شۇ-دە! — دەپ خىخىراپ كۈلدى ئورا كۆز ئاغزىدىكى گۆشنى چايناۋېتىپ.

«ياخشى مېھمان سەن بولساڭ، يامان مېھمان قانداق بولار» دەپ ئويلاپ قالدىم مەن. شۇ تاپتا بۇ كىشىگە ئىچ-ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئەسقەركامغا قارىسام، مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاداش، — دېدى سەمەر ئاكا ئورا كۆزگە قاراپ، — ئورۇمچىلىكلەر مېھماندارچىلىقتا كىشىلەرنى مەنسىپى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا، ئەسقەرنىڭ ئالدىدا مەنسىپىڭنى ئاتاپ يۈرمىسەمۇ بولار.

— ئورۇمچىلىكنىڭ ئادىتى ئورۇمچىدە ئاقىدۇ. بىزمۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ياشايمىز-دە، — دېدى ئورا كۆز چايناۋاتقان گۆشنى «غورتتىدە» يۇتۇۋېتىپ، — سېنى ئاۋارە قىلماي، ئۆزۈمنى ئۆزۈملا تونۇشتۇرۇۋېتەي، مەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

— ھەقىچان مۇئاۋىن باشلىقى. شۇنداقمۇ يا؟

ئەسقەركامنىڭ كۈلمەي تۇرۇپ ئېيتقان بۇ سۆزى بىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئورا كۆز ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك بىردەم ھاڭۋېقىپ قالدى. ئاندىن ئەسقەركامغا قاراپ ھىجايدى:

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەنلەرزە چاقچاقنى كېلىشتۈرۈپ قىلىدۇ جۇمۇ.

«ما خوشامەتنى كۆر» دەپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى ئايگۈل.

— سەنمۇ ئورۇمچىلىكنى دوراپ رومكىدا ھاراق قۇيدىغان بولۇۋاپسەن-دە، — دېدى ئورا كۆز سەمەر ئاكامغا نەشتەر سانجىپ، — ئىستاكان يوقمۇ، سىركاي بولسىمۇ مەيلى، تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك، بۇ كىچىككىنە بىرنېمەڭ جاننى قىينايدىكەنغۇ زادى.

سەمەر ئاكا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ۋە بىر ئىستاكاننى ئېلىپ تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ ئورا كۆزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— سەنچۇ؟ ئەسقەرجانچۇ؟ — ئورا كۆز يەنە «ئەركىلىدى»، — سىلەرمۇ ئىستاكاندا ئىچىڭلار، ئوغۇل بالىدەك ئىچىشىپ باقايلى.

سەمەر ئاكا ساھىبخان بولۇش سۈپىتى بىلەن «شەپقەت» تىلەپ قوتۇلدى. ئەسقەركام بولسا ئىستاكاننى قەتئىي رەت قىلدى. ئورا كۆز بىردەم تىركىشىپ بېقىپ، ئاخىرى:

— بوپتۇ، ئۆزۈم ئىچەي، بۇ جاھاندا ئوغۇل بالىدىن مەنلا قالغان ئوخشايمەن، — دەپ ئىستاكاننى ئاغزىغا كەپلىدى.

سەمەر ئاكىنىڭ ئۆگۈپ-تاتىرىشىدىن بۇ مېھماننىڭ تازا خوش ياقمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ سورۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىككى ئىستاكان ھاراق بىلەن ئۇنىڭ مولۇنىڭكىدەك ئورا كۆزلىرى تېخىمۇ ئىچىكىرىلەپ كەتكەندەك تۇراتتى. مايلىشاڭغۇ يۈزىدە تەر تەپچىرەپ كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. ئەسقەركام يەنە شۇ سالاپىتى، ئورۇنلۇق سۆزلىرى بىلەن كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى.

— شۇنداق پەيزى ناخشىلارنى قويۇۋاتسەن ئۈنئالغۇڭدا، تانسا-پانسا ئوينىمايمىزمۇ، — دېدى ئورا كۆز تىلىنى چايناپ ۋە تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە تىكىلدى.

ئايگۈل ئىككىلەن بىر-بىرىمىزگە يېپىشىپ قالدۇق. خۇدا ساقلىسۇن بۇ يىرگىنچىلىك مەخلۇقتىن... بىراق، خۇدا ساقلىمىدى، ئورا كۆز ماڭا قول ئۇزاتتى.

— مەن... مەن تانسا ئۇقمايمەن، — دېدىم مەن ئالدىراپ ۋە سەمەر ئاكىغا قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك قارىدىم.

— ئاداش، بۇ سىڭلىم راستىنلا تانسا بىلمەيدۇ، — دېدى سەمەر ئاكا ئالدىراپ، — ئايگۈلگۇ بىلەتتى، ئەمما پۇتىنى قايرىۋاپتىكەن، بۇ يەرگىمۇ تەستە كەلدى.

سەمەر ئاكا بىراقلا ئىككىلەننى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بىز مىننەتدارلىق نەزىرىمىز

بىلەن ئۇنىڭغا قارىدۇق.

ئۇرا كۆز سەمەر ئاكىغا چەكچەيگىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— شۇ بىرنېمىلىرىڭنى مېنىڭدىن ئاياۋاتسەن-- ھە! سېنىمۇ بىلىپ قويدۇم... ناھىيىدە تانسىغا تارتسام، ياق دېيەلەيدىغان خوتۇن يوق. شۇنداق قولۇمنى سوزسام، بىلمەيدىغانلىرىمۇ بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ياق، دەپباقسۇنچۇ قېنى، نېمە قىلغۇچىمەنكىن... بولدى، خوش، مەن كەتتىم، — دېدى-دە، دەلدۈگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سەمەر ئاكا «ئولتۇرساڭ بولاتتى»، «خاپا بولما ئەمىسە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

— بىمەھەل كېلىپ تازا ئېلىشتۇردىغۇ بۇ ئاغىنەم، — دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ، — ئەسقەر، رەنجىپ قالمىغانسەن، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز مانا مۇشۇنداق...

— بولدى قوي، — دېدى ئەسقەركام ئۇھسىنىپ، — ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئادەم بولۇشىغا خېلى چاغلار بارغۇ-تېخى!

مەن ئەسقەركامنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەلەم ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە نۇرغۇن-نۇرغۇن ھەسرەتلەر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

— سىلەرمۇ بايىقى ئىشلارنى ئەستىن چىقىرىۋېتىڭلار، — دېدى سەمەر ئاكا، — ئەمدى ئېچىلىپ-يايراپ ئولتۇرساڭلار بولىدۇ.

— سىزگە ئەمەس، ئۇستاكانىڭىزغا رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك، — دېدى ئايگۈل كۈلۈپ، — ئەگەر رومكا بىلەنلا ئولتۇرغان بولساڭلار، ئۇرا كۆز ئاغىنىڭىز پۈتۈن بىر ئاخشامنى ھارام قىلىۋېتەتتىكەن.

ھەممىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق، كەيپىيات جانلاندى. سەمەر ئاكا بىلەن خالىدە ھەدەم بىر پەدە تانسا ئوينىغاندىن كېيىن، ئەسقەر كام ئالدىمغا كېلىپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى. مەن ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم ھودۇقتۇم. ئون يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم تانسىغا چۈشۈشۈم ئىدى. يات، ئەمما يېقىملىق بىر ئەركەكنىڭ قوللىرى تۇنجى قېتىم قولۇم ۋە بېلىمدىن تۇتقىنىدا، قورۇنۇش ئارىلاش شېرىن سېزىم ۋۇجۇدۇمنى ئورىۋالدى. ئۇزاقتىن بېرى تانسا ئويناپ باقمىغانلىقىمدىنمۇ ياكى ھودۇققانلىقىمدىنمۇ، دەسلەپكى بىرنەچچە قەدەمدە ئازغىنىپ كەتتىم. بارا-بارا تېتىكلە-نىپ، ئۇسسۇل نىرۋىلىرىم ئويغىنىپ كەتتى. ئۆيدە ۋالىس مۇزىكىسى ياڭرىماقتا، ئەسقەركام ئىككىمىلەن چۆرگىلىمەكتىمىز. ھەر قېتىم كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا، مەن ئۆزۈم ئۇچۇن تونۇش كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئۇنىڭ قوۋۇۋەتلىك، ئىسسىق قوللىرىدىن مېنىڭدىن ئۇزاقتا قالغان گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئىزدەپ تاپاتتىم. شۇ ئەسنادا ئون يىللىق كۆڭۈلسىز ئىشلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغانىدى...

تام سائىتى ئون ئىككى قېتىم داڭ ئۇرغاندا، مەن يەنە بىر رېئاللىققا قايتىپ كەلدىم. مەن بۇ كۆڭۈللۈك، ئۇنتۇلغۇسىز كېچىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭ يەنە كېتىشىم، ئازابلىق تۇرمۇشقا تولغان ئاشۇ ئۆيگە قايتىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

سەمەركام ھەرقانچە زورلىسىمۇ ئەسقەركام قونۇپ قېلىشقا ئۇنىمىدى. «ياتاقتا باراي» — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى سەمەر ئاكا، — ئۇنداق بولسا، شەھەردەنى سەن ئاپىرىپ

قوي، ئۇنىڭ ئۆيى مېھمانخانىنىڭ قېشىدا.

مېنى بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. نېمىشقىدۇر ئەسقەركامغا بولغان يېقىنلىق ھېسسىياتى قەلبىمدە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشتىن ئازراقمۇ ئەنسىرىمەيدىغاندەك قىلاتتىم.

— شەھەردە، ساھىبخانىلارنىمۇ يېتەرلىك ئاۋارە قىلدۇق. ئەمدى ئۆيگە كېتىۋالايلىمۇ؟ — دېدى ئەسقەركام كۈلۈپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدىم. لېكىن تولىمۇ سىلىق ئاھاڭدا ئېيتىلغان، كېلىشتۈرۈپ قىلىنغان بۇ چاقچاقتىن قەلبىم يايراپ كەتتى. ئارقىدىنلا كۆڭلۈم غەش بولدى. چۈنكى ئالىمجان ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇمۇ شۇنداق ئاھاڭدا سۆز قىلىشنى بىلگەن بولسا ياخشى بولماسمىدى؟ لېكىن، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، قوپاللىقتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

— چاقچاقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتىمۇ-نېمە، — دېدى ئەسقەركام ئەپۇ سورىغاندەك ئاھاڭدا، — رەنجىمەڭ، بەزىدە ئارتۇقچە گەپ قىلىپ قويىدىغان دەردىم بار مېنىڭ.

— ياقەي، — دېدىم مەن ئالدىراپ.

— سىزدەك ئەردىن رەنجىگەن ئايال ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ئەسقەركا، — دېدى ئايگۈل ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىۋالالمىغان ھالدا، — تانسىنى شۇنداق ياخشى ئوينايدىكەنسىز، گەپ-سۆزنىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ قىلىدىكەنسىز. بىزنىڭ ئەرلەرمۇ سىزدەك بولسا چېچەكمىز چاي بولۇپ كېتەتتى دەڭا.

ئەمدى قىزىرىش نۆۋىتى ئەسقەركامغا كەلگەنىدى. «قىزارماڭ، ئەسقەركا، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ئايگۈل توغرا ئېيتتى، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتتى.»

سەمەركام بىلەن خالىدە ھەدەم ئايگۈلنى ئاپىرىپ قويغىلى ماڭدى. ئەسقەركام ئىككىيلەن ئۇلار بىلەن دوقمۇشتا خوشلىشىپ يولىمىزغا قايرىلدۇق. تۇك پات-پات «قېچىپ» كېتىدىغان بۇ شەھەرنىڭ كوچا چىراغلىرىمۇ ئۇيقۇدا بولۇپ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا قالغانىدى. بىز ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتىمىز.

نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. شۇ ھامان ئەسقەركام بىلىكىمدىن تۇتۇۋالدى، بولمىسا يىقىلىپ چۈشەتتىممىكىن-تاڭ.

— ئەجەب قاراڭغۇ-ھە، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — قولىڭىزنى بىلىكىمدىن ئۆتكۈزۈۋېلىڭ. تارتىنماڭ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ساق-سالامەت ئاپىرىپ قويىمسام، ئەتىلىككە سەمەرگە قانداق جاۋاب بېرىمەن.

نېمىشقىدۇر مېنىڭدە قورۇنۇش يوقالغانىدى. مەن قولۇمنى ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئۆتكۈزدۈم.

تەكشى قەدەم بىلەن كېتىۋاتىمىز. بۇ نېمىدېگەن راھەت-ھە! ئۆرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا پاترۇشكىلىشىپ كېتىۋاتقان ئەر-خوتۇنلارنى كۆرۈپ قالسام، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتىم، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىنىمۇ شۇنداق كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. لېكىن بۇنداق بەخت ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئەر-خوتۇن بىر يەرگە ماڭساق، ئالىمجان خۇددى خوجايىنىدەك قولىنى ئارقىغا قىلىپ گىدىيىپ ماڭسا، مەن گويا ئۇنىڭ مالىيىدەك ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدىم. ئاشۇنداق مېڭىش بىلەن ئون يىلنى ئۆتكۈزۈپتىمەن. تووا، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ-ھە؟!

رودىپايدەك چاپلاشقان بۇ كۆڭۈلسىز خىيالنى ئۆزۈمدىن قوغلاشقا تىرىشتىم.

— توغرىدىن-توغرا سورىغىنىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، شەھەردە، — تۇيۇقسىز ئەسقەركام ئېغىز ئاچتى، — كۈلۈپ تۇرسىڭىزمۇ كۆزىڭىزدىن بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرىدىكەن.

نېمشقا شۇنداق؟ قارىغاندا ئائىلە تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئەمەسقۇ دەيمەن.

قانداق ئېشكىنتاك، مەن گويا ئۇنىڭ شۇنداق سوئال سورىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، دەردىمنى بىراقلا تۆكۈۋەتتىم، ئۆزۈمنىڭ پۇشايمانلىرىنى يوشۇرماي ئېيتتىم. پەقەت پۇرقەت توغرىسىدىكى سىرنى ئاغزىمدىن چىقارمىدىم.

دەسلەپتە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىگەن بولسامۇ، كېيىن سۆزلىرىم ياشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىسىز يىغىدىن ۋۇجۇدۇم تىترەيتتى. مەن سۆزلەيتتىم، ياش تۆكەتتىم. ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلىگەن پىغان قەلبىمنى ئۆرتەيتتى.

بىز توختاپ قالدۇق، مەن ئەسقەركامىنىڭ قولى يەلكەمدىن قۇچاقلىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. لېكىن مەن ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم. نېمشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىشتەك بىلىنىپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىماڭ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى ئۇ ئېچىنغان ئاھاڭدا، — ھايات دېگەن شۇنداق ئادالەتسىز بولىدىكەن... كۆڭۈل يارىڭىزنى ئاتىلاپ قويۇپتىمەن-دە، ھەي، مېنىڭ دۆتلۈكۈم!

مەن يىغلاشتىن توختىدىم. شۇ تاپتا ئىچ-قارنىم بوشاپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە باش قويدۇم. بىردىنلا ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ يەڭگىل ھاسىرىشىدىن جىددىيلەشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يۈزىنى چېچىمغا يېقىپ ھىدلىدى. قوللىرى دۈمبەمنى سىلىماقتا، ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن ۋۇجۇدۇم يايرىماقتا، ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىم ئويغىنىپ راھەتلىنىپ كېرىلمەكتە. بىردىنلا لەۋلىرىمىز چاپلىشىپ قالدى. ئوتلۇق سۆيۈشلەردىن ۋۇجۇدۇمغا ئون يىلدىن بېرى ئۇنتۇلغان شېرىن سېزىملار تارقالماقتا. مەن گويا سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغلىرىمغا، ئاشۇ گۈزەل چاغلارغا قايتىپ بارغاندەك بولۇپ قالدىم. ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي بىر ئايال، ھېسسىياتقا باي ئايال ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

يىراقتىن ئاڭلانغان ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى بىزنى ئېسىمىزگە كەلتۈردى. قارىسام، ئۆيۈمنىڭ يېنىدىلا تۇرغانىكەنمىز. بىز ئالدىراپ خوشلاشتۇق. ئەسقەركام ياتىقىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى-دە، ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەن ئۆيگە كىرىپ، يېشىنمەيلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بايىقى شېرىن سېزىملار ۋۇجۇدۇمدىن تېخى كەتمىگەنىدى. لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىنىڭ قىزىقى تېخىمۇ قىزدۇرۇپ تۇراتتى. تۇۋا، ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن-ھە! تاسادىپىي تونۇشۇش، تاسادىپىي قۇچاقلىشىشلار... ھايات شۇنداق تاسادىپىيلىقلارغا تولغانمىدۇ؟

«مەن خىيانەت قىلدىممۇ؟» تۇيۇقسىز كاللامغا كەلگەن بۇ ئوي مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. مەن ئەرلىك ئايالغۇ، باشقا بىر كىمنىڭ قۇچىقىدا راھەت ئىزدىشىم خىيانەت ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، مەن خىيانەت قىلدىم!

مېنى پۇشايمان تۇيغۇسىدەك بىر سېزىم بېسىۋالدى. شۇ ئەسنادا مەن ئىككى قەلبى بار بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدىم. بىر قەلبىم: «سەن بۇزۇق، سەن خىيانەت قىلدىڭ، سەن گۇناھكارسەن» دەپ ئەيىبلەيتتى. يەنە بىر قەلبىم بولسا: «ياق، توغرا ئەمەس، سېنى خىيانەت قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبكارى سەن ئەمەس، سەن ئېرىڭدىن مېھر-مۇھەببەت

كۆتۈپ ئۇن يىلنى سادىقلىق بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ. لېكىن كۆتكىنىڭگە ئېرىشەلمىدىڭ، ئاياق-ئاستى قىلىندىڭ. سەن پەقەتلا ئىنتىقام ئالدىڭ، شۇڭا سەۋەبكار سەن ئەمەس، ئېرىڭ» دەپ ئاقلايتتى. بىر قەلبىم: «ياق، سەن ئايالسەن، سەن پېشانەڭگە پۈتۈلگەننى كۆرۈشۈڭ كېرەك» دەپ دوق قىلسا، يەنە بىر قەلبىم: «مېھىر-مۇھەببەت ئىنسانلار ئۈچۈن ئادەم ئاتام، ھاۋا ئانامدىن باشلانغان. ئەرمۇ، ئايالمۇ مېھىر-مۇھەببەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. ھاۋا ئانىمىزنىڭ جەننەتتىنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلىقچە يەپ قويغانلىقىنىڭ دەردىنى ئۇنىڭ جىنسداش ئەۋلادلىرى ئاخىر زامان بولغۇچە تارتامدى-كەن؟! بىراق بۇ گۇناھنى ئادەم ئاتىمىزمۇ سادىر قىلغانغۇ!» دەيتتى.

ئېمىشقىدۇر بارا-بارا خىيانەت تۇيغۇسى مەندىن يىراقلاشتى، ئاتلىق ئەسلىمىلەر قايتىپ كېلىپ مېنى ئەللەيلەشكە باشلىدى.

## 7

مەن ئەسقەركامنىڭ ياتقىغا كىرگىنىمدە، ئۇ بىر نەرسە يېزىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— كېلىڭ، — دېدى.

مەن قىزارغان ھالدا سالاملاشتىم ۋە سافاغا ئاۋايلاپ ئولتۇردۇم.

ئارىدىكى بىردەملىك تىمتاسلىقتىن كېيىن، ئەسقەركام بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي:

— ئاخشام رەنجىپ قالمىغانسىز-ھە، سەل كەيپ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، — دېدى دۇدۇقلاپ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىقىلدى، كۆزلىرىمگە «ۋىللىدە» ياش كەلدى. مەن ئىچىمدە ئۆزۈمچە: «ياتاققا كىرگىنىمدە ئۇ قۇچىقىنى ئېچىپ ماڭا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن. ئەسلىدە، كېچىدىكى ئىشلار كەيپچىلىكنىڭ كاراماتى ئىكەن-دە! تۇۋا، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق بەغەرەز بولامدىغاندۇ؟!

مەن ئېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— يەنە يىغلاي دەۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — راست گەپنى قىلسام، ھېلى دېگەنلىرىم كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىم ئەمەس. مەن پەقەت... ھەي، نېمە دېسەم بو-لار...

ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سەمى-مىيلىك نۇرلىرىنى كۆرۈپ، بايىقى خىياللىرىم ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى، قەلبىم يەنە بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلدى. مەن كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ يەكتىز بولدى-دە، تىزىمغا بېشىنى قويدى. مېنىڭ بارماقلىرىم ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى ئارىسىدا ئويناشقا باشلىدى.

— ئاخشام مەن شۇنداق جىق گەپ قىلىپ كېتىپتىمەن، — دېدىم مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك تۆۋەن ئاۋازدا، — لېكىن سىز ئۆزىڭىز توغرۇلۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى-ڭىز، بايا دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلاپ پۇشايمان قىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، خىيانەت قىلغانلىقىدىن ئازابلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن. ئۇنداق يېرىڭىز بولسا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ ئولتۇرماي ئوچۇق دەۋەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، مەن خاپا بولمايمەن.

— بىلەمسىز، شەھىدە، — دېدى ئۇ بېشىنى تىزىمدىن كۆتۈرمەي ھەسرەتلىك

ئاھاڭدا، — مەنمۇ مېھر-مۇھەببەتكە تولغان ئائىلىگە تەشنامەن. شۇ ئائىلىگە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولۇپ ئۆتسەم دەيمەن. بىراق ئارزۇ دېگەن پەقەت ئارزۇدىنلا ئىبارەت. ئەر كىشى دېگەن يېشى قىرىقتىن ئاشقاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇشقا باشلايدۇ. ئۆزىنىڭ پات ئارىدىلا قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى مۇجۇلىدۇ. بۇ ياشتىكى كىشىلەرگە قېرىلىق ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىشىلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەدىر-لىشىگە، مېھر-مۇھەببىتىگە ھەممىدىن بەك تەشنا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاياللىرى شۇنى چۈشىنەلىسە، ئۆزلىرىنىمۇ، ئەرلىرىنىمۇ بەختلىك قىلالايدۇ. ياشلىقتىكى بىشەملىكى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىرى بولسا، ئەرلەر كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باشقا جايدىن مېھر-مۇھەببەت ئىزدەشكە، ئۆزىنىڭ روھي دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى توشقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىش باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئەرلەرنى خىيانەت تۈيغۇسىمۇ ئازابلىيالمايدىغان بولىدۇ. ئۇلارنى ئازابلايدىغىنى پەقەت شۇنچە يىل ئۆي تۇتۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى، ئويلىغانلىرىنى، ھەسرىتىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئېغىر دەرد بولىدۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ قالغان مۇساپىسىنى قوش ئۆكۈز بولۇپ تۇرمۇش-نىڭ يار-يار ھارۋىسىنى تەڭ تارتىپ مېڭىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنى باللار بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. بەزى-بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەكەللۇپ سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مېھر-مۇھەببەت بولمايدۇ...

ئەسقەركامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يۈزىنى ئۆزۈمگە قاراتقىنىمدا، كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ قالدىم-دە، ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەن تېخى بەختسىزلەر ئاياللارنىڭ ئىچىدىلا چىقىدۇ دەپتىمەن.

مەن ئۇنىڭ لېۋىگە لېۋىمنى باستىم...

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا پاراڭنىڭ يېڭى-يېڭى تېمىلىرى تېپىلىپ تۇراتتى. كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تېپىشماقنىڭ جاۋابلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىمىز ئوخشاش چىقاتتى. ئىككىيلەنلا ئائىلە تېمىسىدىكى پاراڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇراتتۇق. چۈنكى بۇ تېما بىزگە كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى باشلاپ كېلەتتى. بۇ كۈنلەردە مەن گويا ئالىمجاننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا قىلاتتىم، ئۆزۈمنى تېخى تۇرمۇش قۇرمىغان، يېڭىدىن مۇھەببەت بېغىغا كىرىپ قالغان ھېسسىياتچان، بەختىيار بىر قىزدەك ھېس قىلاتتىم. ھەتتا يۈرەكتىمۇ كۆز ئالدىمدىن غايىب بولغانىدى. ئەس-يادىم ئەسقەركام بىلەن بىللە بولۇش، ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن لەززەت ئېلىشتىلا قالغانىدى. بىراق كېچىلىرى يالغۇز قالغىنىمدا مېنى يەنىلا غېرىبلىق باساتتى، ئىختىيارسىز يىغا تۇتاتتى. شۇ تاپتا مەن ئەسقەركامنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ كۆكسىگە قولۇقمنى يېقىپ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى، شۇ دۈپۈل-دەشلەردىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىشقا كېلىۋاتقىنىمدا، ئالىمجاننىڭ بىر خىزمەتدىشى ئۇچراپ قېلىپ، ئالىمجاننىڭ بۈگۈن سەپەردىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى مېنىڭ ۋېلىسىپىت مىنگۈدەكمۇ ماجالىم قالمىدى. مەن ۋېلىسىپىتنى

يېتىلەپ كېلىۋاتىمەن، كاللامدا تۈرلۈك-تۈمەن خىياللار. ماڭا يىگىتتىن نېسىپ بولغان كۆڭۈللۈك ھايات مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەكلا بىلىنگەنىدى. شۇم خەۋەر مېنى سەگەكلەشتۈردى، ئۆزۈم قىلچە خالىمىساممۇ، يەنە رېئاللىققا قايتىپ كېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمدى ئەسقەركام بىلەن ئارامخۇدا ئۇچرىشالمايمەن... تۇۋا، ھايات دېگەن شۇنداق رەھىمسىزمىدۇ؟! مېنى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىگەن، تۇرمۇشنىڭ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئاشۇ كۈنلەر ئاخىرلاشقانمىدۇ؟! تەقدىر مەن بىلەنلا قېرىشامدىغاندۇ؟!

ئىشخانىغا كىرىپ ئۆزۈمنى ئورۇندۇققا تاشلىدىم. مېنىڭ يىغلىغۇم كېلەتتى، لېكىن يىغلىيالمايتتىم. ئۈمىدسىز خىياللار مېنى يالغۇزلۇق قوينىغا تاشلاپ، ھىجران ئوتىدا پۇچۇلايتتى.

شۇ يوسۇندا قانچە ۋاقىت ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. بۇنداق چېكىش ماڭا ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. چۈنكى ئەسقەركامنىڭ ئىشىك چېكىشى ئۆزىگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىدى.

مەن ئالدىراپ ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم. مەن پەرىشان قىياپەتتە ئۇنى كۈتۈۋېلىشنى خالىمايتتىم.

ئىشىكنى ئاچتىم. بۇ راستىنلا ئەسقەركام ئىدى. ئۇ ئاشۇ سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى. بۇ كۆزلەردە مېھىر-مۇھەببەتتىن باشقا، بىر خىل ھەسرەت ئالامىتىنىڭمۇ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. ئۇمۇ ئالىمجاننىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانمىدۇ؟

ئۇ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ ماڭا يەنە تىكىلدى. كۆزلىرىدە يەنە ھەسرەت نۇرلىرى...

— نېمە بولدى، تېزرەك دېسىڭىزچۇ، — دەۋەتتىم مەن تىتىلدىغان ھالدا.

ئۇ ئۈندىمەي يانچۇقىدىن بىر تېلېگراممىنى چىقىرىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ماڭا ئۇزاتتى. تېلېگراممىغا: «جىددىي ئىش چىقىپ قالدى، دەرھال قايتىپ كېلىڭ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلگەنىدى.

«ئازاب قايتىپ كېلىدىكەن، بەخت كېتىدىكەن!» دېگەن ئوي كاللامدىن «يالت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قولۇمدىكى تېلېگرامما ئۈستەل ئۈستىگە چۈشتى. مەن كۆزلىرىمگە «لىققىدە» ياش ئېلىپ:

— قاچان يولغا چىقىسىز؟ — دېگەن سۆزنى ئارانلا ئېيتالىدىم.

— ئەتە سەھەردە، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ۋە كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇردى.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئىككىلەنلا «خوش» دېگەن سۆزنى ئېيتىشتىن قورقاتتۇق. ماڭا شۇ سۆزنى ئېيتسام‌لا يۈرىكىم يەرگە چۈشۈپ ئەينەك پارچىلىرىدەك چېچىلىپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. شۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاپ: «كەتمەڭ!» دەپ توۋلىغۇم كېلەتتى. بىراق بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن-نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. لېكىن ھېچقايسىسىنى دېيەلمىدىم. چۈنكى ئاغزىمنى ئاچسام‌لا، ئاغزىمدىن گەپتىن بۇرۇن يىغا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— مەن بېرىپ قايتىش تەييارلىقىنى قىلاي، — دېدى.

مەن ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتىم.

— خوش ئەمسە، — دېدى ئۇ دەرۋازا ئالدىدا، — مەن سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن، بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ھەردەم ئەسلەپ تۇرىمەن.

— مەنمۇ سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن، — دەۋەتتىم مەن ئىختىيارسىز.

بىز يەنە جىم بولۇپ قالدۇق. خوش دېيىش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئايرىلىش نەقەدەر قىيىن-ھە!

— شۇنداق قىلىپ كېتەمسىز؟... كۆڭلىڭىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىم بولسا ئەپۇقىلارسىز... — يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدىم، بىراق كېيىمنىڭ بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم-دە، سۆزدىن توختاپ يانغا قارىۋالدىم.

مېنى يەنە يىغا تۇتتى، ئەمما شۇ تاپتا ياش تۆكسەم بولمايتتى. چۈنكى مەن ئۇنى يىغا بىلەن ئۇزىتىپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆتكەن-كەچكەنلەر قىزىقسىنغان ھالدا بىزگە قاراشىۋاتاتتى.

— خوش ئەمسە، — دېدىم مەن ۋە شۇ سۆزنى ئېيتىۋېتىپ ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى، چۈنكى بۇ سۆز ئايرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

— سالامەت بولۇڭ، — دېدى ئۇ سەل ئالدىرىغاندەك. بەلكىم ئۇ خوشلىشىش ۋاقتىنى سوزۇش بىلەن مېنىڭ كۆڭۈل ئازابىمنى كۈچەيتىۋېتىشنى خالىمىغاندۇ.

— سىزگىمۇ ئاق يول بولسۇن.

— خۇدا بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشىمىز، شۇنداقمۇ يا؟

ۋۇجۇدۇم يەنە تىترەپ كەتتى مەن ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىدىغان ئاشۇ «شۇنداقمۇ يا» دېگەن سۆزىگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. بۇ قېتىمقىسى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىشىم بولۇپ قالارمۇ؟!

«كەتمەڭ، يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇڭ» دەۋەتكىلى تاس قالدىم. لېكىن بۇنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. بۇنداق قىلىش پەقەت ھەسرەتنى كۈچەيتەتتى، خالاس.

ئۇ كەتتى. مەن ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئىشىكنى تاقىدىم-دە، يۈزۈمگە ياغلىقىمنى باسقىنىمچە بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدىم. بۇ يالغۇزلۇق يىغىسى ئىدى، بۇ ھىجران يىغىسى ئىدى. بۇ ياش ئەمەس، قاغجىرىغان بىر قەلبنىڭ چاك-چاك يېرىلغان ئاراشلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قان ئىدى.

خورازلارنىڭ چىللىشى بېسىلغىلىمۇ خېلى بولدى. شەرق ئاقارماقتا ئىدى. مەن تېخىچە سۆگەتكۈل تۈۋىدىكى سۇپىدا ئىككى تىزىمغا ئېڭىكىمنى تىرىگىنىمچە ئولتۇرۇپتىمەن. تېگى يوق خىياللار ماڭا ھەمراھ...

تۇيۇقسىز دەل-دەرەخلەر شىلدىرلاپ كەتتى. كۆزنىڭ سالقىن شامىلىدىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان بوغۇق، يېقىمسىز خورەك مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن كۆزلىرىمنى كۆككە تىكتىم. يۇلتۇزلار غايىب بولغان، پەقەت نۇرلۇق چولپانلا يىراقتا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تەنھا ئىدى. ياشتىن كۆزلىرىم خىرەلەشتى، بۇ چاغدا چولپانمۇ ياش تۆكۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز كاللامغا بىر غەلىتە خىيال كەلدى: شۇ تاپتا ھەسرەتلىك نەزەرى بىلەن چولپانغا بېقىپ خىيالغا پاتقان، ياش تۆكۈۋاتقان ماڭا ئوخشاش قانچىلىغان ئاياللار ھويلىسىدىكى سۆگەتكۈل تۈۋىدىكى سۇپىدا ئولتۇرىدىغاندۇ...

# مىللەت ساپاسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت

(ماقالە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## 1

«گېزىت خەۋەرلىرىدە ئېيتىلىشىچە، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ساپاسى دۇنيادا 102-ئورۇندا تۇرىدىكەن.» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1994-يىل، 10-سان، 26-بەت)

مىللەتنىڭ ساپاسى مەسىلىسىدە خېلىدىن بېرى ئويلىنىپ يۈرگىنىمدە، يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇمات مېنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. بىر نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە خەنزۇ خەلقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ بۈگۈنكى ساپاسى دۇنيا بويىچە باشقا ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ساپاسىغا سېلىشتۇرغاندا 102-ئورۇندا تۇرىدىغان بولسا، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ساپاسى قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغاندۇ دېگەن سوئال يۈرىكىمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۈرۈمچىدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرقانچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ كوچا-كويلىرىدا، ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، كان-كارخانا ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا، يېزا-كەنتلەر ئارا مەھەللە، ئائىلىلەردە كۆز بىلەن كۆرۈپ، قۇلاق بىلەن ئىشىتكەنلىرىمنى ئەسلىگەنسېرى بۇ سوئالنىڭ سالمىقى ماڭا تاغدەك ئېغىر بىلىنمەكتە.

دەرۋەقە، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان ھەربىر ئادەم بۇ سوئال ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ بېقىشنى چوقۇم ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ساپاسى زادى قانداقراقكىن، قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكىن؟ جۇڭگو ئاھالىسىگە ئورتاق بولۇپ قالغان 102-ئورۇندىمىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنمىدۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

## 2

ئەرەبچىدىن تىلىمىزغا كىرىپ سىڭىپ كەتكەن «سۈپەت» ۋە «ساپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ يىلتىزى بىر بولسىمۇ، «سۈپەت» سۆزى كۆپىنچە مەھسۇلات ياكى ئىش-ئەمگەكنىڭ ياخشى-يامانلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ. «ساپا» سۆزى بولسا ساپ، پاكىز، بىغۇبار (كىرسىز) ۋە شاد-خۇراملىق، خۇشال كەيپىيات دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئاساسەن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا، يەنى سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن پسىخىك (روھىي) ھالىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىتىلىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ساپاسى ئۇنىڭ پسىخىك (روھىي) ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مىللەت ساپاسى دېگىنىمىزمۇ دەل مىللەتنىڭ پسىخىك (روھىي) ھالىتىگە قارىتىلغان. ئىنساننىڭ پسىخىك (روھىي) ھالىتى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ

ساپاسىمۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئەمەلىيەت ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى بىلەن پەيدىن-پەي ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا پەيدىن-پەي تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ساپاسىمۇ دەل شۇ جەريانىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ياكى ئۆسۈپ يۈكسىلىدۇ ياكى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بىر مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — مەيلى باي، مەيلى گاداي، مەيلى سىپاھ، مەيلى پۇقرا، مەيلى دانا، مەيلى نادان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ساپاسى ئاخىر نەتىجىدە شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، مىللەت ساپاسىنىڭ ياخشى-يامان ياكى يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى شۇ مىللەت ئەزالىرى روھىي دۇنياسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا باشلىغان ياكى ئويغانغان ھەربىر ئۇيغۇرمۇ باشقا ئاڭلىق مىللەت كىشىلىرىگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ ساپاسى ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايدىغان بولۇپ قالماقتا. مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى ئادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىش، مىللەت ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلىرىنى يوشۇرماي ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى تېپىش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يەتمەكتە. مىللەت ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەر مىللەتنىڭ غەم-قايغۇسى سۈپىتىدە شەخسىي پاراڭلاردىن تارتىپ جامائەت سورۇنلىرىغىچە، ئائىلە ھاياتىدىن تارتىپ ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىچە مۇھىم بىر سۆھبەت تېمىسى بولۇپ قالماقتا. بۇ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشقا، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك ياخشى باشلىنىش. تالانتلىق يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىنىڭ جامائەت ئىچىدە شۇنچە زور تەسىر قوزغىشى— بۇ ئەسەر بېسىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەخسۇس رىسالىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ، پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، ھەتتا بۇ گېزىت-ژۇرناللارنى سېتىۋالمىغان كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى كۆپەيتىش ئاپپاراتىدا كۆچۈرۈپ ئېلىپ، مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇشلىرى، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ نەچچە مىڭلاپ سېتىلغانلىقىغا قارىماي يەنىلا يېتىشمەيۋاتقانلىقى، ئاشخانا، چايخانا ۋە ماشىنا بېكەتلىرىدە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى زوق-شوق بىلەن ئاڭلاشلىرى، قىسقىسى ھەممە يەردە مۇشۇ ھەقتە پاراڭ بولۇۋاتقانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ھالەت ئەمەس. دېمەك، كىشىلەر مىللەت ساپاسى بىلەن مىللەت تەقدىرىنىڭ نەقەدەر زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىرقەدەر چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلىدۇ. بۇ، ھەممىمىز خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش.

ئىللەت تۈزەلمىسە مىللەت تۈزەلمەيدۇ دېگەن سۆز خۇددى قۇياش نۇرىدەك روشەن ھەقىقەت بولۇپ قالدى. دەر ھەقىقەت، مىللەت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەردىن قۇتۇلمىسا، ئۇنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتمەي نېمە بولسۇن!

ئېيتايلۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىر قىسىم كىشىلەر ھالال يول بىلەن بېيىشقا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋەتەن — مىللەتنى ئۇنتۇماي، تاپقان پۇلىنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەردانىلىق بىلەن سەرپ قىلىپ، جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا قىممەتلىك ھەسسىلەرنى قوشماقتا.

ئۇلاردىن ئەل رازى، خۇدا رازى! بىراق، شۇنداق كىشىلەرمۇ پەيدا بولماقتىكى، ئۇلار پېيغانسېرى خۇدىنى بىلمەي، ئەقەللىي ئادىمىلىك سۈپىتىنىمۇ يوقىتىپ قويماقتا. بۇ خىلدىكى ئىشلارغا مىسال ناھايىتى كۆپ. پەقەت ئايرىملىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشلا كۇپايە.»

مەلۇم شەھەردە ياشاۋاتقان X جان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئەپلەپ-سەپلەپ كازىر-پۇرچاق سېتىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشمۇ ئاقمىغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ مىڭبىر جاپادا تەييارلاپ بەرگەن ئۆپكە-ھېسىپ، كاللا-پاچاقلىرىنى سېتىپ جان بېقىپ يۈردى. ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا بىر بالىنىڭ ئانىسى بولغان خوتۇنى ئۇنىڭغا ياش ھەم چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ئۇلار كەپىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىككىنە قاراڭغۇ ئۆيدە ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشەتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ زامان ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئەل-يۇرت قاتارىدا X جاننىڭمۇ بەختى ئېچىلىپ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىۋەردى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئىككى دۇكان ۋە بىر چوڭ قورۇ-جايىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. بارغانسېرى كۆزىگە ياغ تولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەممە جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىشىپ كەلگەن ۋە تۆت بالىنى تۇغۇپ ئۆستۈرۈپ، ئۆينى گۈلدەك تۇتۇپ كېلىۋاتقان خوتۇنى ئەمدى ئۇنىڭغا سەت، قېرى ھەم ئاغرىقچان كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا خوتۇنىنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە «سېنىڭدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمەيدۇ» دەپ سەتەڭلەرگە پۇل خەجلەپ كۆڭۈل ئاچىدىغان، سەتەڭلەرنى ئۆيدە قوندۇرىدىغان بولۇۋالدى. خوتۇنى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرسە، «چىدىمساڭ، تالاق خېتىڭنى ئال» دەپ خوتۇنىنى تۆت بالا بىلەن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش كويىغا چۈشتى. بۇ نېمىدېگەن رەزىللىك!

مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇپ قېلىۋاتقان تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشنى ئۆز ساۋاقداشلىرىدىن نەچچە ھەسسە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تۆت يىللىق يىگىتىدىن بىرنەچچە مىڭ يۈەن سورايدۇ. يىگىت بۇنچە كۆپ پۇلغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورايدۇ. ھېلىقى قىز يۈزىنى داپتەك قىلىپ «پۇلىڭىز بولمىسا، سىزگە خوش ئەمدى!» دەيدۇ-دە، تۆت يىللىق مۇھەببىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ياش بىر سودىگەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. يارەببىم، بۇ قانداق مۇھەببەت بولغىنى!»

باشقا بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان... دېگەن يىگىت ئۆز يۇرتىدىكى دوستلىرىدىن بىرىنىڭ مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساڭا تەۋسىيەم شۇكى، داداڭ پېخسىق ئادەم بولسىمۇ، بىر ئىلاج قىلىپ جىقراق پۇل بىلەن كېلىشكە تىرىش ۋە بۇندىن كېيىن ھەر ئايدا چوقۇم پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇشقا ۋەدە ئال. پۇلۇڭ كۆپ بولسا بىزنىڭ مەكتەپتە جەننەت ھۆرلىرى ئارىسىدا ياشايسەن، توي قىلماي تۇرۇپمۇ خوتۇنلۇق بولۇۋېرىسەن. مېنىڭ ھازىر تۆت خوتۇنۇم بار دېسەم، مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن.»

«ئەھۋال شۇ، — دەيدۇ مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ... ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — باشقا مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، قاتتىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىلىم ھاسىل قىلماقتا. ھەتتا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەي، كىتاب ئوقۇش، چەت

ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل، بىز ئۇلارنى مۇۋاپىق دەم ئېلىشقا ئۈندەپ ئاۋارە. بىزنىڭكىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بولسا گارمۇن، تانسا، هاراق-شاراب، قارتا، بىليارت ھەتتا «ئىشق-مۇھەببەت» تاماشاسى بىلەن بەنت. مۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن نېمە ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن!»

غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنبىڭ يېزىسىدىكى بەزى دېھقانلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن شەخسىي تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئىشلەشكە ھوروۇنلۇق قىلىپ، كۆچمەنلەرگە سېتىۋېتىپتۇ. بۇ يېڭى يەر ئىگىلىرى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇپ، يېڭى-يېڭى باغ-هويلا ۋە كۆكتاتلىقلارنى بەرپا قىلىپ كۈندىن-كۈنگە بېيىۋېتىپتۇ. ھېلىقى دېھقانلار بولسا، يەر ساتقان بەش-ئون تەڭگە پۇلنى خەجلەپ بولۇپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىدە ياللىنىپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ. بۇ يالغۇز غۇلجىدىلا ئەمەس، باشقا ۋىلايەت-ناھىيىلەردىمۇ مەۋجۇت ئەھۋال. مۇنداقمۇ ھاماقەت بولامدۇ كىشى!

بەلكى سىز كوچا-كويلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن «بىچارە»لەرگە سەدىقە بېرىدىغانسىز. سىزنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى راستىنلا مۇھتاجلىقتىن تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانمىدۇ؟ ياق! تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرى شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، بىر قىسىم مېيىپلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ بىچارە قىياپەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتلىرىدا ھالال ئەمگەكتىن قېچىپ، چوڭ شەھەرلەردە ئېقىپ يۈرگەن تىرىكتاپ ھورۇنلار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، پۇت-قولى ساق، ئۆزى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە قىلىدىغان ئىش تېپىلمايدۇ دېسە، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ ھەتتا شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خوتۇن-بالىلىرىنى بىچارە قىياپەتتە كوچىغا چىقىرىپ تىلەمچىلىك قىلدۇرۇش بەدىلىگە ئۆزلىرى كەيپ-ساپا ۋە قىمار ئويناش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ بانكىدا ئامانەت پۇللىرىمۇ بار ئىكەن. دېمەك، مۇنداق ئادەملەر تىلەمچىلىكنى، ئەمەلىيەتتە قىزىلكۆزلۈكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان.

بۈلتۈر كۈز سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى، كۆرۈنۈشىدىن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر تىلەمچى مەندىن سەدىقە سورىدى، مېنىڭ يانچۇقۇمدا پارچە پۇلۇم بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتىم. ئۇ يەنىلا قولىنى سۇنۇپ بېزىرىپ تۇردى. مەن ئۇنى ئىشەنمەي قالمىسۇن دەپ، يانچۇقىمدىكى پۇللارنى كۆرسەتتىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى بىر ئەللىك يۈەنلىك، تۆت ئون يۈەنلىك پۇلغا بىر قارىۋالدى-دە، «مەن پارچىلاپ بېرەي» دەپ قوينىدىن بىر دەستە قەغەز پۇل چىقاردى، قارىسام ھەممىسلا بەش يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك ۋە بىر يۈەنلىك پۇللار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، «سىز مېنىڭدىن بايراق ئىكەنسىز تەقسىر» دەپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. شۇ ئارىدا يېنىمدىن بىر تاكسى ماشىنىسى ئۆتۈپ قالدى. كۆڭلۈم بىرنېمىنى تۇيغاندەك ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ھېلىقى بىچارە قىياپەتلىك تىلەمچى بىخىرامان ھالدا تاكسىغا چۈشۈۋېتىپتۇ. مەن «تووۋا» دېگەن پېتىم يولۇمنى داۋام قىلدۇردۇم.

بىزدە ھەتتا شۇنداق كادىرلار باركى، بىر ئولتۇرۇشىدا ئوتتۇز-قىرىق يۈەن پۇلنى پۇتۇلكا

ئۇچۇن سىخىلىك بىلەن خەجلىسە خەجلەيدۇكى، كىتاب سېتىۋېلىشقا ياكى گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇشقا بەش-ئون تەنگە خەجلەشكە كۆزى قىيمايدۇ. كىتاب ئوقۇغىسى كەلسە، باشقىلارنىڭكىنى ئارىيەتكە ئالىدۇ ياكى ئوقۇمايلا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىتابخانا خادىملىرىدا «مىنزۇ تۈگجى بۈكەن شۇ» (مىللىي يولداشلار كىتاب ئوقۇمايدۇ) دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغان.

ھەممىدىن يامىنى «ئاق ئالۋاستى» ئاپىتى! ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئاق ئالۋاستى» نىڭ چاڭگىلىدا ھالاك بولۇۋاتقان ياش ئەۋلادلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئىكەن. بۇ ئاپەتنىڭ دەھشىتىدىن ۋەيران بولۇۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىمۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ باشقا مىللەت پەرزەنتلىرى بۇ ئاپەتتىن ئۆزىنى ساقلاشقا بىرقەدەر ئىقتىدارلىق بولغان يەردە، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى نېمە ئۈچۈن «ئاق ئالۋاستى» نىڭ مەسۇم قۇربانلىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلانماي، ئۇنىڭغا تەدبىر-چارە تاپماي تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ «ئاق ئالۋاستى» خۇددى بىر جىددىي يۇقۇملۇق كېسەللىك مىكروبىغا ئوخشايدۇكى، كىمنىڭ يەدىنى زەئىپ، ياكى كېسەللىككە قارشىلىق كۈچى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭغا ئاسان يۇقۇقاندەك، ساپاسى تۆۋەن ئادەم، ياكى مىللەتمۇ بۇ بالاغا ئاسان دۇچار بولىدۇ. دېمەك، «ئاق ئالۋاستى» نىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ھەممىدىن كۆپرەك «چاپلىشىپ ئېلىشى» مۇ تاسادىپىي ھال ئەمەس.

يۇقىرىدىكىدەك مەسىلىلەرنى يۈز-يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەيلى يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بولسۇن، مەيلى ھازىرقى رېئال جەمئىيەت تۇرمۇشىدا يامراپ كېتىۋاتقان ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىق، ئىسراپچىلىق، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق، سۇخەنچىلىك، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىققا ئوخشاش تۈرلۈك-تۈمەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ساپاسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بۈگۈنكى كۈندىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى ۋە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەت ھاياتلىقىنىڭ مەنىۋى كاپالىتى بولۇپ قالدى.

## 3

مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ پسىخىك (روھىي) ھالىتىدە چوڭقۇر ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە باغلىق. مىللەت پسىخىكىسىدىكى (روھىي ھالىتىدىكى) ئىللەتلەرنى تۈزەتمەي ياكى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. پسىخىك ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ياكى تۈگىتىش پەقەت تەربىيە بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەربىيە — بىر تەرەپتىن تەربىيە بېرىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن تەربىيىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەربىيە ۋە تەربىيىلەش — يىغىپ ئېيتقاندا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسىدۇر، ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پارتىيە ۋە دۆلەت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ئەڭ مۇھىم مەسىلەر

قاتارىدا تۇتۇپ، بۇنىڭغا قاتتىق ئەھمىيەت بەرمەكتە. جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئاڭلىق ئەزالىرىمۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى ھېسابلىماقتا.

ماقالىنىڭ ئۆزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۆۋەندە پەقەت مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئويناۋاتقان ۋە ئويناشقا تېگىشلىك بولغان رولى ئۈستىدىلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى ۋە تەكلىپ بەرمەكچىمەن.

ئوقۇتقۇچى ۋە ئەدىب-سەنئەتكارلار، بولۇپمۇ يازغۇچىلار — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى دېگەن سۆزلەر مىڭلارچە قېتىم تەكرارلىنىپ، ھەممىگە ئايان بىر ھەقىقەت بولۇپ قالدى. ئىنسانىنىڭ، جۈملىدىن ھەربىر مىللەتنىڭ ساپاسى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتى مەسىلىسى بولغانلىقتىن، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىدە قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىمۇ ئارتۇقچە ئىزاھات تەلەپ قىلمايدىغان مەسىلىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشىدە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىمۇ خېلى زور بولماقتا. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسىنى ئاساسىي مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلساق تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى. يېقىندا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ مەسىلە بۈگۈنكى كۈننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەقەززاسى بولۇپ قالدى. جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك كونكرېت مەسىلە ئەخلاق تەربىيىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك دانىشمەنلىرى، قايسى دەۋر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى ئىنسانىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى ساپاسىدۇر دەپ قارىغانىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، راتسىئونال (ئەقىلگە مۇۋاپىق) جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئەقىل، بىلىم، ئەردەم (پەزىلەت) ۋە ئادىل قانۇن ئەڭ ئاساسلىق ئامىل دەپ تېخىمۇ ئېنىق ھۆكۈم چىقارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتۇر. مۇشۇ شەرتلەر ئىنسانىنى مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشكەن ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەتتە ئادىل قانۇن يولغا قويۇلسا، بۇ جەمئىيەت راتسىئونال بىر جەمئىيەت بولالايدۇ، مۇنداق جەمئىيەت تىنچ — ئاسايىشلىقتا ياشاپ توختاۋسىز روناق تاپىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ جەمئىيەت پەيدىن-پەي ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئىنسان، جۈملىدىن ئومۇمىي مىللەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىل — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا—ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقى ۋە ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەت ۋە قانۇن ئۆلچەملىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلىنماۋاتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىغا قارىتىلمىسا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق تېمىلاردا خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. بۇ ياخشى باشلىنىش. بىراق، مۇنداق ئەسەرلەر مەيلى سان ۋە مەيلى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن تېخى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن خېلى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئەسەرلىرىمىز بىر قىسىم چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە (مەسىلەن: مۇھەببەت ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرگە) تەقلىد قىلىنىپ ياكى ئۇلاردىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغاچقا، مۇنداق ئەسەرلەر ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشتىن تولاراق سەلبىي رول ئوينىماقتا. بىز ئۇلارنى دوراپ يۈرمىسەكمۇ، شياڭگاڭ ۋە بەزى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەردىن خەلق كۆپچىلىكى يېتىپ ئاشقىدەك دەرىجىدە بىزار بولماقتا ئىدى. چەت ئەل كىشىلىرىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئىستېتىك (گۈزەللىك) تۇيغۇسىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىمىزدە مۇھەببەت قانچىكى نەپىس ۋە ھايالىق بولسا شۇنچە گۈزەل بولاتتى.

مۇھەببەت تېمىسىدىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدە «ھايا»، «نومۇس» ۋە «ئىنساب» دېگەن ئىنسانىي خىسلەتلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ قالىدىغان بولسا ئىنساننىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغان بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان بىرمۇنچە ناچار ئەھۋال ۋە كەيپىياتلارنىڭ مەنىۋى يىلتىزىنى ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق ۋە ئىنسابسىزلىققا ئوخشاش رەزىل ئىللەتلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا مەيلى شەخس ۋە مەيلى بىر مىللەت بولسۇن، ئۇنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئالدى بىلەن پىسخىك (روھىي) ھالىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. روھىي ھالەتنى تۈزىتىش ياكى بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىش بىلەن، بولۇپمۇ ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئەخلاق (ئەردەم-پەزىلەت) ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەزگۈلۈك (ياخشىلىق) بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ھەققانىيلىق بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك، ئادىللىق بىلەن شەخسىيەتچىلىك، سەممىيلىك بىلەن رىياكارلىق كەبى ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ۋە خۇي-پەيلىنى باھالايدۇ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ. ھەرخىل تەربىيە ۋە جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەردە مۇئەييەن ئېتىقاد (ئىشەنچ)، ئادەت ۋە ئەنئەنىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت تەشەببۇس قىلىۋاتقان پۈتۈن خەلق تەقەززا بولۇۋاتقان ئەخلاق شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. ھەر بىر كىشى ۋەتەن، مىللەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى، شان-شۆھرىتىنى ۋە ئىززەت-ئابرويىنى ئۆزىنىڭكىدىن ئەلا بىلىدىغان ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلىسە مىللەتنىڭ ساپاسى چوقۇم يۈكسىلىدۇ. بۇ غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ رولى چوڭ.

# سىرلىق ھەيكەل

ئوسمان ھوشۇر

I

ئۇ مۇكچەيگەن بېلىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قاماپ تۇتۇپ، ئازراق رۇسلىنىۋالغاندىن كېيىن ئالدىدا تۇرغان بۇ ھەيكەلگە بىر ھازاغىچە سىنچىلاپ قارىدى. گالستۇك ئۇنىڭ بويىندا ئارتۇقچە بىر نەرسىدەك كېلىنى بوغۇپ، ھەرىكىتىگە كاشىلا بولۇۋاتاتتى. پەقەت كۆزلىرىدىلا يېنىپ تۇرغان كۈچلۈك بىر ئوت مۇكچەيگەن جىسمىغا ھارارەت بېغىشلاپ، ئۇنى قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئىنتىلدۇرۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بىردىنلا ئۇ نېمىدىندۇر رايى يانغاندەك قولىنى سىلكىدى-دە، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىقنىڭ مەھكۇم قۇلىغا ئايلىنىپ، خۇددى ئۆمۈچۈك تورى ئىچىگە چۈشۈپ قالغان چىۋىندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەيكەل بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن پۈتكۈل ھاياتى خۇددى جانلىق بىر كارتىنىدەك كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچلۇق سېزىم چۇلغىۋالدى. «ھەيكەلتىراش، رەسساملار باقى ئالەمگە بارغاندا پەرۋەردى-گار راستىنلا ئۇلارنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىگە جان كىرگۈزۈشكە قىستاپ ئازابلامدىغاندۇ؟ پەرۋەردىگارغا شەك كەلتۈرگەن دەپ ئوتلۇق گورزى ئاستىغا ئېلىپ تاۋلامدىغاندۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا...» ئۇنىڭ تېنىگە قورقۇنچ ئولاشتى. تەنھالىق ئۇنى بارغانسېرى ھەرخىل خىياللارغا سالاتتى. ھەيكەلتىراشلىقتا كامالەتكە يەتكەنسېرى بۇنىڭ ئۈچۈن تۆل-گەن بەدەللىرى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىرىگە، جاپاغا باش ئەگمەي پۈتۈن ۋاقتىنى، زېھنىنى، ياشلىقنى ھەيكەلتىراشلىققا بېغىشلىۋەتتى. ھەتتا ئىللىق بىر ئائىلە قۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىدى.

ئەمدى ئۇنىڭغا ھايات مەنىسىزدەك بىلىنىشكە، ھاياتتىن بىر خىل خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇ ياشقىچە ھاياتتىن ھېچقانداق لەززەت كۆرمىگەن، مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغان بۇ جىسمىدىن يىرگىنىپ، ئۆزىچە سەسكىنىپ كەتتى. ئەنە ئۇ ئۆزى غايىبانە ئارزۇلاپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلى، كىم ئۇنىڭ قەدرىگە يەتتى؟ ئۇنى قانچە-قانچە قېتىملاپ بازارغا سالدى. ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەيكەل-تىراشقا ھەرخىل تىل-ئاھانەتلەرنى ياغدۇر-دى. ئۇ ئۆي ئىچىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقان-دەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۆي ئىچىدە رەتسىز تۇرغان ھەيكەللەر سېپى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ھەجۋى كۆرۈنۈشى بولۇپ، مەسخىرە بىلەن كۈلۈشۈۋاتقاندەك، ئۇنى مازاق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ نېرۋىلىرى چىڭقىلىشقا، كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلىشقا باشلىدى. بىردىنلا ئۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا

تۇرغان پالتىنى ئالدى-دە، ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىراپ ھەيكەللەرنى ئۇرۇپ، چاقىلى تۇردى.

— ھۇ نىجىس مەلئۇنلار! سەنلەر مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى نابۇت قىلىشتىڭ! گۈلدەك چىرايىمنى خازان قىلىپ، كۆز نۇرلىرىمنى خىرەلەشتۈردۈڭ، جىسمىمنى شورلۇقتا ئايلاندۇرۇپ، سۆيگۈ-گۈلخانلىرىمنى ئۆچۈردۈڭ. ئاھ، پەرۋەردىگار! قېنى ئۇ مېنىڭ گۈلدەك ياشلىقىم! قېنى مېنىڭ بەختىم؟ مانا ئەمسە مەلئۇنلار ساڭا! پۈتكۈل بەختىمنى قايتۇر!

ئەسەبىي سەۋدايىلىق ئۇنى خۇددى گۈدەكلەردەك چاقچاقلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ-چېقىپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. نازاكەت ئىلاھى ئۇنى سېھىرلەپ قويغاندەك قولىدىكى پالتىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. نازاكەت ئىلاھى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. «ئاھ، شەھلا كۆز جانان» ئۇ يېرىك ئالقانلىرى بىلەن ھەيكەلنىڭ يۈزىنى سىلاشقا باشلىدى. ھاياجاندىن تىترەۋاتقان ۋۇجۇدى خۇددى كەچكۈز شامىلىدىكى ئاجىز ياپراقتەك سىلكىنەتتى. ئۇ بىردىنلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، نازاكەت ئىلاھىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ پەرياد ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاھ، پەرۋەردىگار! پۈتكۈل ئۆمرۈم يىگانىلىك، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتۈپ سەنئەت كۆللى ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلىپ، ئايال زاتىغا ئورۇن بەرمەي كەپتۇ. مانا پەقەت ئالدىمدا تۇرغان بۇ ھەيكەلگىلا ئۆز سىرلىرىمنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنى ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق ئەقىدە-ئېتىقادىمغا، ئىنتىلىش ئىستەكلىرىمگە، سۆيۈنۈشلىرىمگە، قايغۇ-شادلىقلىرىمغا شېرىك قىلىپ كەلدىم. ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ھۆر-پەرى، مېنىڭ سۆيگۈ قۇياشىم! ئاھ، پەرۋەردىگار! قۇدرىتىڭنى ئىشقا سېلىپ بۇ ھەيكەلگە جان ئاتا قىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە تىلەكلىرىمگە يەتكۈزسەڭ، قۇرۇپ قاقشال بولغان جىسمىمغا سۆيگۈ بىلەن ھارارەت ئاتا قىلساڭ!

ئۇنىڭ يىغىدىن بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى خۇددى گېلىغا پىچاق سۇرۇلۇۋاتقان قېرى سەركىنىڭ مەرىشىگە ئوخشاش ئېچىنىشلىق ئىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئېسىگە-كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۆينىڭ ئىچى بەئەينى بىر خارابىلىقتا ئايلانغان بولۇپ، باش ۋە قوللىرىدىن ئايرىلغان ھەيكەللەر ئېچىنىشلىق جەڭنىڭ گۇۋاھچىسىدەك قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. پەقەت شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ باياتىن قىلغان ئەخمىقانە ئىشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆكۈندى. ئەنە، بەرباپ چېلىۋاتقان ئايالنىڭ بېشى چېقىۋېتىلگەن، ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىر بىلىكى چېپىلىپ كەتكەن، ئاھ، ماۋۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتنى! باياتىنقى چاڭجالدا ئاۋۇ يازغۇچىنىڭ باشقا يېرىگە زەخمەر يەتمەي كۆزلىرى ئويۇلۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىدىن گاڭگىراپ قالغان ھەيكەلتىراش بىرھازا غىچچە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك ئۆكۈندۈرگىنى بېشىغا دوپپا كىيگەن كىچىك ئۇرۇمە چاچلىق قىز بىلەن يەنە بىر سەنئەتكارنىڭ ھەيكىلى ئىدى. ئۇ

بۇ ھەيكەللەر ئۈچۈن قانچە كېچىلەر كىرپىك قاقماي ئىشلىگەن، كۈنلەپ-كۈنلەپ تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، تالاي قېتىم ھوشىدىنمۇ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ھالسىراپ كەتكەن ھەيكەلتىراش پۇتى ئۈزۈۋېتىلگەن ئۆرۈمە چاچلىق قىزنىڭ ھەيكىلىنى قولىغا ئېلىپ، يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بۇ ھەيكەل تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان، شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان ئۇماق قىزدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. بىردىنلا ئىللىق بىر سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار سىلكىنىۋاتقاندەك بەدىنى ئىختىيارسىز تىترەپ، يۈرىكى تېز-تېز سوقۇپ كەتتى. «خوتۇن...بالا...» دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئۇنىڭ قورۇلۇپ، ياغاقلىشىپ كەتكەن چېھرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ، خۇنۇك كۆزلىرىدە ئاجىز بىر ئۇچقۇن چاقنىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ ئۆزىگە تارتىپ تۇرغاندەك قۇچىقىدىكى كىچىك قىزچاقنىڭ ھەيكىلىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى-دە، قەدەملىرىنى سۆرەپ نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىزنىڭ ئىش، ھەيكەل ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، قوللىرىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ھەيكەلتىراش ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا ئىككى قەدەم داجىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ يەنە ھەيكەلگە قارىدى، پاھ، ماۋۇ كارامەتنى قاراڭ، ئەنە، ئەمدى ئۇ ھەيكەل ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈۋاتىدۇ. گاھ-گاھ بېشىنى چايقاپ ئۆزىنىڭ پىغانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەنە ئۇ قۇچىقىنى كېرىپ ئۆزىنى ھەيكەلتىراشنىڭ قوينىغا ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.

— ئاھ، مېنىڭ پەرىشتەم!

بىچارە ھەيكەلتىراش خۇددى چوغقا تاشلانغان قىلدەك ھەر يانغا تولغىنىپ بىردەمدىن كېيىن ھوشىدىن كەتتى. نازاكەت ئىلاھى بولسا ئاستا ئېگىلىپ ئۇنىڭ ياغاق يۈزىنى سىلىدى. ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلاپ، يۈزىنى-يۈزىگە ياقتى. لېكىن ھەيكەلتىراش قانداقتۇر بىر ئۇزۇن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ياتاتتى.

II

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئاللىقاچان تاڭ ئاتقان بولۇپ، پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرى نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ، ئۇنى تېخىمۇ نەپىس تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بۇ راستىنلا بىر ئىلاھى ھەيكەلدەك ھەيكەلتىراش ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما نازاكەت ئىلاھى بولسا ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. «ئاخشامقى ئىشلار چۈشۈم ئوخشايدۇ» دېدى ئۇ ھەيكەلدىن بىردىنلا رايى يېنىپ. كۆڭلى غەشلىككە تولغان ھەيكەلتىراش تاماكا چېكىش ئۈچۈن يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېدى، تاماكىسى تۈگەپ قاپتۇ. ئۇ نائىلاج يەردىن ئۆزى چېكىپ تاشلىۋەتكەن

ئاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىۋېلىپ ناھايىتى ئەسلىكتە بىر ئورام ئاماكا قىلدى. ئاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، قېنىپ-قېنىپ بىرقانچە قېتىم شورىدى. شۇئان بۈگۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرگەزمە ئېسىگە كەلدى--دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قويۇن يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن سائەتنى ئېلىپ كۆز نۇرىغا تۇتۇپ قارىدى: ئىدىشتىن بىر چىنە سوغۇق سۇنى ئېلىپ، شىرە ئۈستىدىكى قېتىپ كەتكەن نانلار بىلەن ناشتىغا تۇتۇندى. لېكىن بوشاپ كەتكەن چىشلار چويۇندەك قېتىپ كەتكەن ناننى يۇمشىتالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ قولىدىكى ناننى تاشلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، داد بېسىپ مەينەتلىشىپ كەتكەن كونا ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ، چاچلىرىنى قولى بىلەن ئاندا-مۇندا تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تەۋەررۈكى بولغان كونا گالستۇكنى بوينىغا تاقاپ، نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىنى چاقلىق جازىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆرگەزمىخانىغا قاراپ ماڭدى.

بۈگۈنكى بۇ خەلقئارالىق كۆرگەزمە ئالاھىدە جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كۆرگەزمە زالىغا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن داڭلىق ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئەسەرلىرى، مەشھۇر سۈرەتلەر قويۇلغانىدى.

تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئۇچار قۇشلار، گۈل-گىياھلار، ھاشارات-ھايۋاناتلار ئىنچىدە يەنىلا يالىڭاچ بەدەن تەسۋىرلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى، لېكىن ھەيكەلتىراشنى ھېچقايسىسى قىزىقتۇرالمىدى. نېمىشقىدۇر كۆرگەزمىخانىدىكى بارلىق نەرسىلەر چاكىنا، ئەرزىمەس بىر نېمىلەردەك تۇيۇلۇپ پەقەت نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىلا بىباھا يادىكارلىقتەك بىلىنىدى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەيكىلىنى كۆرگەزمىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىگە سەل پۇشايمان قىلىشقىمۇ باشلىدى. نازاكەت ئىلاھىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىرخىل ۋەھىمە ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. بىردىنلا ئۇ ھەيكەلنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەيكەلگە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى.

— ئەي، گۈزەللىك ئىلاھى، سەن مېنىڭ يېگانە جىسمىنى ئىللىتقۇچى ئاتەشگاھ، سەن تەنھا ۋۇجۇدۇمنىڭ ئارامگاھى، سۆيگۈم ئاسمىنىدىكى ئاي، سەن مېنىڭ ئېتىقادىمنى يۈكسەكلىككە يەتكۈزگۈچى مەبۇدە! مەن بارلىق مەۋجۇداتلار ئىگىسى بولغان بۈيۈك تەڭرىدىن سېنىڭ جىسمىڭغا جان، ئېتىقاد، ھېسسىيات، سەزگۈ تىلەيمەن، ئىلاھىم تىلەكلىرىمگە يەتكۈزگەي!!

ئۇ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەچكە بىر توپ ئۇزۇن پېردجىلىكلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— پاھ، ماۋۇ سارائىغا قاراڭلار، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتىدىغۇ؟

— ياق، ياق، چاچ-ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئۇ بىر مەجنۇن ئوخشىمامدۇ؟

— بەس، — دېدى كۆزلىرى قىزىللىق بىلەن تولغان يوغان سەللىلىك ئادەم تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۇ بىر مۇرتەد، كۆرمىدىڭلارمۇ، ئۆزى ياسىۋالغان بۇتقا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى، بۇ ئىنسان سىياقىنى يوقاتقان مەخلۇق!

ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ

كەتكەن ھەيكەلتىراش چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىكى ناتونۇش ئادەملەرگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى ھېلىقى يوغان سەللىلىك ئادەم ھەيكەلتىراشقا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

ھەيكەلتىراش ئېغىزىنى ئاچقىچە يوغان سەللىلىكنىڭ ھەمراھلىرى تۆشمۇ-تۆشتىن چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— تەقسىر، بۇ شەرىئەتنى تەرك ئېتىپ يۈزىگە چۈمبەل تارتمىغان بىر بەتبەشىرە ئايالنىڭ بۇتىغۇ؟

— قاراڭلار، ئۇنىڭ يۈز-كۆز، ئېغىزلىرىنى بويىۋالغىنىنى. تۇرقىدىنلا بىر بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ؟

— ئۇنىڭ كۆكسى بىلەن ساغرىسىغا قاراڭلار تېخى! تۇفى! ئىپلاس خوتۇن! ئۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى تەۋرىتىپ ئىمانىمىزنى بۇلغىماقچى!

ئۇزۇن پېرىجىلكىلەر ھەيكەلتىراشنى قىستاپ بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپ، قار-يامغۇردەك تىل-ئاھانەت ياغدۇرۇپ ھەيكەلگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.

— تۇرۇپ، چېقىڭلار بۇ بۇتنى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار!

لېكىن يوغان سەللىلىك بىلەن بىللە ھاسىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، دېۋەيلىشىپ كېلىشكەن بۇ كىشىلەر ھەيكەلگە يېقىنلاشقانسېرى ھەيكەلگە جان كىرد-ۋاتاتتى. ھەيكەلتىراشنىڭ ئۆمۈرلۈك قان تەرى، قەلبىگە توپلانغان گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرى بۇ ھەيكەلگە بىر نۇرانە تۈس بەخش ئەتكەنىدى. بۇ ھەيكەلنىڭ يۈزىدىكى ھەر بىر ئىنچى-كە تەركىبلەردە خۇددى تىرىك ئادەمنىڭ چېھرىدە ئەكس ئەتكەن گۈزەللىكلەر چاقنايتتى. نازاكەت ئىلاھىنىڭ چېھرىدىن بىرخىل مەسۇملۇق، مېھرى-مۇھەببەتلىك دۇنياغا بولغان ئىشەنچ، پاكلىق ئىچىدىكى غۇرۇر، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغىدەك سېھىرلىك ئالامەتلەر ئىپادىلىنەتتى. ھەيكەلگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بۇ كىشىلەر بىردىن توختاپ قېلىشتى. ھەيكەلگە جان كىرىپ ئۇلارغا تىكىلگەندەك قىلاتتى. ھەيكەلتىراش ھەيكەلگە ئۆزىنى ئاتتى. نازاكەت ئىلاھى ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى ئىدى. ئۇ نازاكەت ئىلاھىنى كۆتۈرۈپ چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆرگەزمىخانىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققان بىر توپ قىز-چوكانلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ بۇزۇقلارنى!

— ھۇ ھاياسىز شەرمەندىلەر! ئىزا تارتىشماي كېتىشىۋاتقىنىنى!

ئۇلارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ھەيكەل-تىراشنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان نازاكەت ئىلاھى ھەيكىلىنى پۈتكۈل ھاياتىدا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان مۇقەددەس نەرسىسىدەك باشقىلارنىڭ تارتىۋېلىشىدىن تەشۋىشلىنىپ چىڭ قۇچاقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسى-سىگە ئېرىشكەن، ئۆز تىلەكلىرىگە يېتىۋاتقان ئادەمدەك بەختلىك ئىدى. ئۇلار بارغانسېرى يىراقلىشىپ چەكسىز بوشلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

# بۆرە ۋە ئادەم

(ھېكايە)





توختى ئايۇپ

1

ئەتىگەن. قىش شۇۋىرغىنى ئاستا-ئاستا توختىغاندىن كېيىن، قار توختىماي يېغىپ تۇردى. تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ يەرگە لەيلەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئىرماش-چىرماش ۋە شەپىسىز ئىدى. ئۇ تاغلارغا، تاغلارنىڭ يانباغىرلىرىغا ۋە ئورمانلىق داللارغا لەيلەپ چۈشمەكتە ئىدى.

... قار پەسەيدى. ئەتراپ شۇئان خۇددى قېلىن جۇۋا ئىچىدە يانپاشلىنىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋايدەك تىنجىپ قالدى. قۇياش تۇمانلىق كۆكتە ئاق-ساغۇچ چەمبەرسىمان دائىرە ئىچىدە كۆزنى چېقىپ تۇرغىنىغا قارىماي يەنىلا ھارارەتسىز ئىدى. نېمىشىدۇر ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك، نېمىگىدۇر تەلپۈنۈۋاتقاندەك غەمكىن ھەم خىيالچان كۆرۈنەتتى.

پەقەت زېمىنلا خاتىرجەم، تاغلار

بۇرۇنقىدەك مەزمۇت، مەغرۇر ۋە سەلتەنەتلىك ئىدى. ئۈستىگە قاردىن بىر قەۋەت ئاپئاق يېپىنچا ئارتىۋالغان قارامتۇل ئورمانلار جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەن هالدا ئۆز نەسەبىنىڭ ئاجايىپ كەچمىشلىرى، هايات شاۋقۇنلىرى، ئوت، قان ۋە ياش ھەققىدىكى جەڭنامىلەر بايان قىلىنغان تەسىرلىك قىسسىلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئاھ، ئاشۇ ئورمانلارنىڭ يىلتىزلىرى، زېمىن باغرىنى نەچچە گەز چوڭقۇرلۇققىچە قۇچاقلاپ، باغرىغا تېگىپ ياتقان ئاشۇ تىرەن يىلتىزلار...! ئۇ ئاشۇ قىسسىلەرنى تاغ-تاشلاردىن تارتىپ تاكى زېمىننىڭ ئوتلۇق باغرىدىكى قىزغۇچ لاۋىلىرىغىچە يېزىپ قالدۇرغان... ئاققۇلار تاغلار ئۈستىدىن تالاي قېتىم ئۇچۇپ ئۆتتى، تالاي شامال، بورانلار ئۇچۇپ تۈگىدى. ئەمما يىلتىزلار ئاشۇ قىسسىلەرنى ئېيتىشتىن ھېلىمۇ توختىمىدى...

دالا تۈزدەك ئاپئاق، پاكىز ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ مېھرىلىك باغرىدا تۈمەنمىڭ جانلىق ئانا سۈتىگە تويۇنغان بوۋاقتەك بىر تاتلىق ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. بىرلىرى ئىنلىرىدا خاتىرجەم تۈگۈلگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن، بىرلىرى ئىللىق، ئەمما قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەردە شوخلۇق بىلەن تىپىرلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئالدىدا قاراڭغۇلۇق ۋە تۈن زۇلمىتى ھېچقانچە نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلار قورقۇش، قاباھەت ۋە تەھدىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئانا باغرىدىكى سەبى جانلىقلا ئاشۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىيالايتتى، شېرىن تۇيغۇلارنى ھېس قىلالايتتى...

چەكسىز دالا باغرىدىكى بۇ تىنىمسىز تىپىرلاشتىن ئويغىنىپ، ۋۇجۇدى شېرىن بىر غىدىقلىنىشتىن جىمىرلاپ كەتتى. «ئاھ، تەڭرى...! مەن ھامىلدار بوپتىمەن، بىر ئەمەس، تۈمەنمىڭ گىياھ ھەم جانلىقلارغا ھامىلدار بوپتىمەن،— شىۋىرلىدى دالا ھاياجانلىنىپ،— ئەمدى سەن ئۇلارغا ئەمىنلىك ھەم ھاياتلىق ھوقۇقى ئاتا قىلغىن...!»

نىھايەت، تەڭرى بەخش ئەتكەن بەخت-ئەمىنلىك ۋە ھاياتلىق ھوقۇقى پەقەت تاغلارغىلا تەئەللۇقتەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ شۇنچە مەغرۇر، مەزمۇت ۋە سەلتەنەتلىك ئىدى! پەقەت مۇشۇ روھى بارلىقلا ئەمىنلىك ۋە ھاياتلىق ھوقۇقىنىڭ قۇرۇماس يىلتىزى بولالايتتى. ئەنە، قاراڭلار ئاشۇ تاغلارغا! ئۇ دېڭىزنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدەك تۈرۈم-تۈرۈم، كۈچ ۋە ماتانەتتە ھېچقانداق تەڭدىشى يوقتەك... ئۇنىڭ پايانى نەگىچە سوزۇلغان بولغىيدى؟ بۇنى قۇياشمۇ، ھاۋامۇ ۋە يۈگۈرۈك شاماللارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى.

2

تاغلار... ئۇلارنىڭ كۆكۈم قاراڭغۇلۇقى ئاستىدىكى ئېگىز-پەس دۆمبەللىرى، چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلىرى گاھىدا يەرگە چۆكۈپ پوم كۆشەۋاتقان تۈگىلەرنى، گاھىدا تىزگىن سېرىپ تىپىرلاپ تۇرغان ئۇچقۇر ئاتلارنى، گاھىدا بولسا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئوۋ كۈتۈپ ياتقان بۆرىلەرنى ئەسلەتەتتى.

— ھۇ...ۋ...ۋ...!

پەقەت مۇشۇ ئاۋازدىنلا ئۇلارنىڭ قورام تاش ئەمەس، قورام تاش ئۈستىگە مەيدىسىنى يېقىپ ئوچۇق دالىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ياتقان بۆرىلەر توپى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۆرىلەرنى ئۇنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىغان ئاۋازىلا بولمىسا، تاغلارنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلىرىدىن پەرق ئېتىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەلكىسى ۋە بويىنىدىكى

كۆكۈش، ساغرىسى ۋە مەيدىسىدىكى ئاقۇش تۈكلىرى پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا خۇددى قاردىن ياللىچىلىنىپ قالغان قورام تاشلاردەك سۇس قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىناتتى.

ئىككى پۇتىنى ئالدىغا سوزۇپ، كۆكۈش ئۆتكۈر كۆزلىرىنى پەسكە تىككىنىچە توپ ئىچىدە ياتقان چىشى بۆرە نېمىگىدۇر تاقەتسىزلەنگەن بولۇپ كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈپ، خۇددى يەنە بىرنەرسىدىن ئاغرىنغاندەك سوزۇپ ھۇۋلىۋەتتى. ھۇۋلاش بىلەن تەڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق ھور تېخى بېشى ئۈستىدە تارقاپ ئۈلگۈرمەيلا تاغ ئارىسىدا بۇ ھۇۋلاشنىڭ ھەيۋەتلىك ئەكس ساداسى ئاڭلاندى. بۆرىلەر توپى مۇشۇ ھۇۋلاشتىنمىكىن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. جايىدا تىنىمسىز غىڭشىپ، قىزغۇچ، يۇمشاق ۋە شەلپەردەك نېپىز تىللىرى بىلەن ئېغىزلىرىنى، ئاقۇش تۈكلىرى پاخپىيىپ كەتكەن كەڭ كۆكرەكلىرىنى يالاپ قويدى. بۆرىلەرنىڭ ئېغىزىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر-بىرىگە تىكلىشىپ تۇرغان ئىككى جۈپ ئوق چىشى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. بۆرىلەر تىللىرىنى پەسكە ساڭگىلاتقان چاغدا ئۇنى ئاستىنقى بىر جۈپ ئوق چىشى خۇددى لەمپە ئاستىدىكى تۈۋرۈكتەك كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

شىۋىرغان كۈچەيدى. بۆرىلەر ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر سېزىملىرى بىلەن سوغۇق شامالدىن پەستىكى قوتانلاردىكى قىغلارنىڭ نەمخۇش ھىدىنى، قويلارنىڭ قېلىن يۇڭلىرى ئارىسىدىكى تەر، يېڭى سۈت ۋە ئىللىق نەپەسلىرىنىڭ تونۇش پۇراقلىرىنى تېزلا پەرق ئېتىۋالدى. شۇئان ئۇلارنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن قويۇق شۆلگەي چېپىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. ۋۇجۇدىدا ئۇلغىيىۋاتقان ئەسەبىي تەقەززالىق يۈرىكىنى قىزىتىپ قانلىرىنى ئۇرغۇتۇۋەتتى.

قاچانلاردا، قاياقلاردىن كېلىشتىكىن، تاغ ئارىسىدا توساتتىنلا كىيىم-كېچەكلىرى، تەققى-تۇرقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، بۆرىلەرگىمۇ، بۇغا-مارال ۋە كەكلىك، قىرغاۋۇللارغىمۇ ناتونۇش غەلىتە ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالدى. كۆرۈنۈشىدىن ئۇلارنىڭ مالچى، ئوۋچى ياكى ياغاچ كەسكۈچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇلار قەدىمى يەتكەنلا يەرنى كولاپ نېمىنىدۇر ئاختۇرۇپ، ياپپېشىل ئوتلاقلارنى تىلغاپ، ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى.

ئۇلار شۇنچىلىك ۋەھشىي ھەم ئۆز نۆۋىتىدە شۇنچىلىك پەم-پاراسەتلىك ئادەملەر ئىدىكى، ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ يەرنىڭ سەگەك، ھوشيار چىل، كەكلىكلىرىمۇ، ئۇلا، قىرغاۋۇللىرىمۇ ۋە تۈلكە، توشقان، بورسۇق، ھەتتا ئاياغلىرى بوراندەك تېز بۇغا، كېيىكلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇڭا ئەمدى بۇ تاغ ئارىسىنى قورقۇنچ، قاباھەت، ھاياتسىزلىقنىڭ ۋەھىمىلىك جىمجىتلىقى ۋە توپان بالاسى چاغلىرىدىكىدەك مۇدھىش قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ قەھەتچىلىك بىلەن تەڭ بۆرىلەر ئاچلىقتىن ئادەتتىن تاشقىرى قۇتراپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىگە تېگىل بولغان ھاياتلىق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمدى توپتوغرا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ نېسىۋىسىگە — ئۆز بالىلىرىدەك ئاسراپ بېقىۋاتقان قوي، كالىلار توپىغا ھۇجۇم قىلىشقا، ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ ئولجىلارنى تارتىۋېلىشقا تەييارلانماقتا ئىدى. تەلەپ ۋە تەقەززالىق خۇددى پارقىشىپ قايناۋاتقان قان كەبى بۆرىلەرنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدا ئوخچۇپ، ھېچنەرسە بىلەن بېسىپ بولمايدىغان دەھشەتلىك بىر كۈچتىن كۆكرەكلىرى بۇرتۇپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كۆزلىرىدە ۋەھشىيانە

كۆكۈش سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى. ئەمما ئۇلار سەۋر-تاقەتنىڭ نېمىلىكىنى، نۇرغۇن ئۇلجا ۋە مول نېمەتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئاشۇنىڭدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى، ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلالمايدىغان چاغنىڭ كېلىشىنى ئىنتائەتچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇدھىش سايىسى دەسلەپتە تاغ قاپتاللىرىنى، جىرالارنى ئەڭ ئاخىرىدا كەڭ كەتكەن قارلىق داللارنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. بۆرىلەر ئاشۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن تەڭ كۈچىيىۋاتقان تىمتاسلىق ئىچىدە پەستىكى قوتانلارنى بارغانسېرى روشەن ئىلغا قىلىشقا باشلىدى.. ئۇلار قايسى قوينىڭ قوتان ئىچىدە قانداق ياتقانلىقىنى، قايسىبىرلىرىنىڭ جىمجىت ئۈگدەك ئىچىدە كۆشەپ، قايسىبىرلىرىنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن تامغا سۈركىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇشۇلداۋاتقان نەپەسلىرىگىچە سېزىپ تۇراتتى. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر خۇددى قورام تاشلارنى ئېرىتىپ تېشىۋەتكۇدەك دەرىجىدە چاقناپ كەتتى. بۆرە كۈچۈكلىرى جايىدا تىنىمسىز ئايلىناتتى، سەۋرسىزلىك بىلەن غىڭشىپ قوياتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى كالتە قۇيرۇق ئانا بۆرىدە ئىدى. ئانا بۆرە ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايغا، ئاندىن پەسكە — قوتانلار تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆكۈش يايىلىرى تىك كۆتۈرۈلگەنىدى، نەپەسلىرى بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرى خاتىرجەم ئەمما قەھرلىك ئىدى. قۇلاقلىرى خەنجەردەك تىكلىشىپ كەتكەنىدى. بۇلار ئۇنىڭ ئوۋغا تەييارلىنىۋاتقان چاغدىكى ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىدىغان روشەن ئالامەتلەر ئىدى. ئۇ پەسكە سەگەكلىك بىلەن تىكىلگىنىچە تاشتەك قېتىپ تۇردى، ئاندىن قىيا تاش ئۈستىدىن پەسكە ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى. شۇ ھامان بۆرە توپى خۇددى نەچچە سادىقتىن تەڭلا قويۇۋېتىلگەن ئوقيادەك پەسكە شىددەت بىلەن تەڭلا تاشلاندى...

بۆرىلەر ھاياتلىق ھوقۇقى ۋە ھايات لەززىتىنىڭ ئۆملۈك ۋە جاسارەتتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۆرىلەر بىلەن تەڭ تاغ ئۈستىدىن غايەت زور قار كۆچمىسى پەسكە شىددەت بىلەن غۇلاشقا باشلىدى. گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك گۈلدۈر-غالاپ، قاراس-قۇرۇستىن تاغ ئىچى لەرزىگە كېلىپ، تاغ-تاشلار، ئورمانلار تىترەپ كەتتى. خۇددى تاغ كەلكۈنىنىڭ بوغۇق ھۆركىرەشلىرىدەك ئۈزۈلمەس بىر سادا بۇ زۇلمەت باسقان زېمىندا خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۆرىلەر قۇرۇق يىلتىز ۋە تاشلار ساڭگىلاپ قالغان، سۇ يالاپ كەتكەن تىك قىرغاقتىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ ئۈستى بىر قەۋەت قېلىن مۇز تۇتقان دەريا ئۈستىدىن ئېھتىيات بىلەن يورغىلاپ ئۆتۈشتى-دە، ئوچۇقچىلىقتىن تېزلا غايىب بولدى. مۇز ئۈستىدىكى كۆلتۈك قاردا ۋە داللاردا پەقەت ئۇلارنىڭ گۈلدەك چېكىم-چېكىم ئىزلىرىلا قالدى...

## 3

پاجىئە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە يۈز بەردى. ھېچنەرسە — ئادەملەر، قوي، كالا ۋە تۆگىلەرمۇ ئېسىنى يىغىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى. بۆرىلەر قوتانلارغا تۇيۇقسىز چىققان قارا بورانىدەك شىددەت بىلەن تاشلىنىشتى. قويلار ئېسىنى يىغىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ بولغىچە بۆرىلەرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى كېكىرتەكلىرىنى

چاپناپ، كاناي ھەم قىزىلتۆگكەچىلەرنى ئۆزۈپ ئۆلگۈرگەنىدى. گاھىلىرى قويلارنىڭ لىغىلداپ تۇرغان يوغان قۇيرۇقلىرىنى بىرلا چىشلەپ ئۈزۈۋالدى. قوتان ئىچى ئۆپۈر-تۆپۈر، ئەنسىز مەرەش، خىرقىراش، ئىڭراش ۋە ئىسسىق قان ھىدى بىلەن تولدى...

تاشقىرىقى قوتاندىكى لاپاس ئاستىدا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئېرىنچەكلىك بىلەن چۆپ كۆشەپ ياتقان تاغىل ئۆينىڭ ھالىغا ۋاي! بىر جۈپ بۆرە قاشا ئۈستىدىن بۇ قوتانغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن چاغدا ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ ئاغزىدىكى چالا-بۇلىلا چاينىغان ھەلەپنى ئالدىراپ يۇتتى. مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى قاتتىق بىر مۇنەك ئۇنىڭ قىزىلتۆگكۈچىدە توسۇپىپ، خۇددى دوملاۋاتقان توپتەك ئاشقازانغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھاپىلا-شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى مۈگگۈزى بىلەن ھىمايە قىلغىنىچە، موزىيىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر جۈپ بۆرە بىلەن ئېلىشىۋاتقان تاغىل ئىنەككە ھېسسىياتسىز نەزەرى بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىدە قورقۇش، بىچارىلىق ۋە قانداقتۇ خاتىرجەملىكتىن باشقا نە ئىنەك بىلەن موزايغا ئىچ ئاغرىتىش، نە بۆرىلەرگە قەھر-غەزەپ يوق ئىدى. ئۇ بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى مۇشۇ قېرى ئىنەكتىن تۇغۇلغان، تېخى مۇشۇ كۈزگىچە كۈچكە تولغان قالتىس بۇقا ئىدى. گەۋدىسىمۇ بۇقىغا خاس ھەيۋەتلىك ئىدى. بويى تامدەك كېلەتتى، كۆزلىرىدىن ئۆزگە بولغان ئىشەنچ، كۈچتۈگگۈرلۈك ۋە ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ھۆركىرىگەن چاغدا خۇددى يەر تەۋرىگەندەك، ئۆينىڭ تاملىرى سىلكىنىپ، يەر تىترەپ كېتەتتى. تېخى مۇشۇ يازدا، ئاي چىقمىغان بىر ئاخشىمى ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇ كالا پادىسى بىلەن دەريا بويىدا ئوتلاپ يۈرگىنىدە چاتقاللىق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ئۆزلىرىنى پايلاپ ياتقان بىر توپ بۆرىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. بۆرىلەر ئۇلارغا تەرەپ-تەرەپتىن تاشلىنىپ، دەريانىڭ تىك قىيا بىلەن تۇتىشىدىغان تار قاپتىلىغا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. كالىلار توپى پىتراپ كەتتى، تاغىل بۇقا شۇ چاغدا بىردىنلا قەھر بىلەن قۇيرۇقىنى تىك كۆتۈردى-دە، بۆرىلەرگە ھۆركىرەپ ئېتىلغىنىچە ئۇلارنى سۈر-توقاي قىلدى. ئېھتىمال شۇنىڭ راۋاپتىدىن بولسا كېرەك، كالىلار توپى قورشاۋنى بۇزۇپ، ئوچۇق دالىغا ئاندىن قوتان تەرەپكە قاراپ قاچتى. قۇترىغان بۆرىلەر پەقەت بوغازلىقتىن گەۋدىسى ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى كالامپايلىشىپ قالغان تاغىل ئىنەكنىلا ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلىدى. كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئىنەكنىڭ يانپىشىغا بىرىنچى بولۇپ ئېغىز سالدى. لېكىن ئۇ كۈتۈلمىگەندە بېقىنىغا نەيزىدەك ئۇرۇلغان كۈچلۈك زەربىدىن ھاۋاغا قاڭقىپ ئۇچتى-دە، دەريا قاپتىلىدىكى قاتتىق شېغىللىق ئۈستىگە يىقىلدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە ئاچا مۈگگۈزلۈك بۇ غايەت چوڭ ئەسەبىي مەخلۇق ھۆركىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بۆرە ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى-دە، ئاچچىق غىڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كەتكەنىدى.

يەنە شۇ بۆرە، يەنە شۇ تاغىل بۇقا!

ئەمما بۈگۈن ئاخشام بۇ تاغىل بۇقىغا نېمە بولدى؟ ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈكتەك ھېسسىياتسىز، توشقاندەك بىچارە؟ پېچاق ئالدىدىكى قويدەك مۆلايىم؟ ئۇ نېمىشقا موزىيىنى ھىمايە قىلىش يولىدا بۆرىلەر بىلەن

جان-جەھلى بىلەن تىركىشىۋاتقان بىچارە ئانىسىنى بۇ ياۋايى يىرتقۇچلاردىن قۇتقۇزۇۋېلىشتىن ئىبارەت تەبىئىي مېھرىلىك سەزگۈسىنى ئۇنتۇپ قالدى؟ ياكى بۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ ئۇنى «بۇقا» دېگەن سەلتەنەتلىك نامدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىپ، ياۋاش-رايىش كالىغا ئۆزگەرتىپ قويغانلىقى سەۋەب بولدىمۇ؟ ھەئە، بۇنىسى شۇنداق. بۇ قاباھەتلىك كەچمىش تاغىل كالىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى بىلەن تېخى مۇشۇ كۆزدە — يايلاقتا چۈشىن، كۆمۈتلەر ئازلاپ قالغان بىر كۈنى چۈشلۈكى بولۇپ ئۆتكەن. شۇ كۈنى بىر توپ ئادەملەر — بىرسى تاغىل بۇقىنىڭ خوجايىنى — قاشا ئالدىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى، تاماكا تۈتۈشۈپ چېكىشتى، كۈلۈشتى. ئاندىن قارىغاي غولىدىن ياسالغان ئۇزۇن ئۇلاقتا گۈنجۈر يەۋاتقان بۇقىنىڭ ئەتراپىغا تۇشمۇ-تۇشتىن ئولىشىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسى ۋە پۇتلىرىنى ئايلاندۇرۇپ يوغان ئارغامچا بىلەن باغلاشتى-دە، كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. بۇقىنىڭ پۇتلىرى بىردىنلا بوشىشىپ تىك تۇرالماي قالدى. بۇقا ھەيران بولغان ھەم ئاچچىقلانغاندەك ھەر تەرەپكە بار كۈچى بىلەن تىپچەكلەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا يەنىلا ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ پەپىلەپ ئۆستۈرگەن خوجايىنى غالىب كەلدى. بۇقا جان-جەھلى بىلەن تىپچەكلەپ، يېنىغا «گۆپ» قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. گويا قوتاننىڭ ئېگىز تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى، بۇقىنىڭ غەزەپلىك ھۆركىرەشلىرىمۇ، يۇلقىنىپ تىپچەكلەشلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. بۇقا يەنىلا بۇنىڭغا تەن بەرگۈسى كەلمەي مۈڭگۈزلىرىنى يەرگە زەرب بىلەن ئۇراتتى، ئاستىدىكى قىغلارنى تىلغايتتى. غەزەپلىك تىنىقلىرى بىلەن يەردىكى قىغ ئارىلاش تۇپىنى پۇرقىرىتىپ توزۇتاتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى كۈچەپ يەرگە باستى، بىرلىرى پۇتلىرىغا ياماشتى. خوجايىنى يىڭنى تۇردى. ئاندىن يانچۇقىدىن بىسى يالتىراپ تۇرغان ئۇستۇرىنى ئالدى-دە، يوتىسىغا كاپىلۋېتىپ، بۇقىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇقا چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن خوجايىنىغا «مېنى قۇتقۇزۇۋال» دېگەندەك يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە ئەزەلدىن ۋاپادار ئىگىسىنى كۆرەلمەي قالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئىككى چاترىقىنىڭ ئوتتۇرىسى تولىمۇ شېرىن قىچىشقاندەك، قانداقتۇر بىرنەرسە قىچىشقان جايىنى تاتىلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بىراق بۇقا بىر تىنىپ ئۆلگۈرمەيلا قىچىشقان جايى ۋاژ قىلىپ كۆيگەندەك... ياق، يۇلۇنغا پىچاق تەگكەندەك بولۇپ كەتتى. چىدىغۇسىز دەھشەتلىك ئاغرىقتىن بۇقا جان-جەھلى بىلەن تىپچەكلەپ ئېچىنىشلىق ھۆركىرىۋەتتى، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ ھۆركىرەيتتى، تىپچەكلەيتتى، يۇلقۇناتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر بۇ ھۆركىرەش بۇرۇنقىدەك دەھشەتلىك، تىپچەكلەش ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. سەزگۈلىرىنى ئازابلاپ قاقشىتىۋاتقان ئاشۇ ئاغرىق بىلەن تەڭ ۋۇجۇدىدىن بۇرۇنقى تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەت يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ ئاخىرىدا ھۆركىرەشتىنمۇ، تىپچەكلەپ يۇلقۇنۇشتىنمۇ قالدى، نېمىدۇر بىرنەرسە يۈرىكىنى تارتىپ سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدى... خوجايىنى بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ جەينىكىچە تۈرۈلگەن ئىككى قولى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ئالقىنىدا مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى ئۇچىدىن قان تېمىپ، ھور چىقىۋاتقان ئىككى تال ئاقۇش بىرنەرسە

لىغىلداپ تۇراتتى. خوجايىنى قاشا سىرتىغا بويىنىنى سوزۇپ:

— مەھ...مەھ...مەھ...! — دەپ ئىتلارنى چاقىردى، قاياقتىندۇر ئىككى ئىت خوجايىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە خوجايىنى ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن ئۇ نەرسىنى چىشلىگىنىچە قوتاننىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ قاچتى...

... قانلىق قىرغىن داۋام قىلىۋاتاتتى.

كۆك يايلىق بۆرە تاغىل ئىنەكنىڭ ئالدىدىلا كىچىك موزاينى بويىنىدىن قايرىپ يەرگە باستى. ئۇنىڭ قەھرلىك ئۆتكۈر چىشلىرى موزاينىڭ يۇمشاق كېكىرتىكىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. موزاي ئاز دەقىقە ئىڭراپ، تېپچەكلەپ جىم بولۇپ قالدى.

تاغىل ئىنەك قورقۇنچ ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. تاغىل كالا قورقىنىدىن قوتاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلغىنىچە، ئالدىدىكى بۇ ئۆپۈر-تۆپۈر ۋە ئىڭراشقا گويا ئالدىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز، ھېسسىياتسىز ھالەتتە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى...

بىچارە قېرى تۆگىنىڭ ھالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. ئۇ قۇرۇق ئوت-چۆپ دۆۋىسى يېنىدا بۇ ۋەھشىي يىرتقۇچلاردىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي ئەندىشىلىك بوزلىغىنىچە ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ باش-كۆزىگە توختىماي يىن چاچاتتى. بۇرنىدىكى ياغاچ چۇلۇككە باغلاپ قويۇلغان ئىنچىكە كالتە ئارغامچا تۆگىنىڭ بېشىغا ماسلاشقان ھالدا ھەر تەرەپكە چايقىلاتتى. بىر جۈپ بۆرە ئۇنىڭ ياغاچتەك قاتتىق گۆشسىز پۇتلىرىغا ئېغىز سېلىپ ھېچقانچە نەپكە ئېرىشەلمىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىۋاتقان چاغدا بۆرىلەرگە تۆگىنىڭ بۇرنىدىكى ھېلىقى كالتە ئارغامچا ياردەم بەردى. ئالدى تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن ياش بۆرە خۇددى قىزىق ئويۇن تاپقاندەك ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تارتىۋىدى، تۆگە شۇ ھامان بېشىنى ئېگىپ، ئېچىنىشلىق بوزلاپ، ھېچبىر قارشىلىقسىزلا بۆرىلەرنىڭ ئالدىغا چۆكتى...

قوتان ئىچىگە بىردەمدىلا قان ھىدى تاراپ كەتتى. بۇ يەردە يەنىلا ياۋاش-رايىشلار بىلەن يىرتقۇچلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق قىرغىن داۋام قىلىۋاتاتتى...

ئىسسىق چۈشەكلىرىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن مالچىلارنى بىرىنچى بولۇپ ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋشىغان ۋە ئېشەكلەرنىڭ توختىماي ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئويغاتتى. ئۇلار شۇ چاغدىلا قوتانلىرىغا بۆرە تەگكەنلىكىنى سېزىشتى-دە، ئۇيقۇچىلىقتا ئۆندەرەپ چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار كىيىملىرىنى كىيىشىپ، چىراغلىرىنى يېقىشىپ، مىلتىق، كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تالاغا ئېتىلىپ چىقىشقاندىمۇ قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتاتتى. مىلتىقلاردىن پاڭلداپ ئوق ئېتىلدى، قىقاس-چۇقان ئاڭلاندى، ئىتلار مالچىلارنى كۆرۈپ غەيرەتلىنىپ قوتانغا قاراپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن قاۋاشقا باشلىدى. مالچىلار، قول چىراغ ۋە پەنەرلىرىنى يورۇتۇپ، مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ قوتانغا ئېتىلىپ كىرگەنىدە بۆرىلەر ئاللىقاچان قېچىپ كېتىشكەنىدى. مالچىلار بۆرىلەرنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇمغا كېچە-كۈندۈز تەييارلىنىپ تۇرۇشقا قارىماي، بۆرىلەر ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ چاققان كەلگەنىدى. بۆرىلەر قوتانغا قىلغان ھۇجۇمنى قانچىكى تېز قىلغان بولسا، شۇنچىكى تېزلىكتە غايىب بولۇشتى.

قوتاندا ئۇن نەچچە قوي سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تىنىقلىرى

ئۆچكەن، بەزىلىرى خىرقىراپ ئارانلا نەپەس ئالاتتى. بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساق قالغان قويلار بىردىنلا شاشىلىشىپ، مالچىلارنىڭ شەپىسىدىنمۇ ئۈركۈپ، گۈلدۈرلەپ ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى كېپىكلەردەك سەكرىشەتتى. ئەتىدىن كەچكىچە كۆشەپ مۈگدەش بىلەنلا ئۆتىدىغان قويلار، ئەمدى خامۇشلارچە ئۇيقۇسىدىن راستىنلا ئويغانغاندەك قىلاتتى.

مالچىلار يېرىمجان قويلارنى ئالدىراپ بوغۇزلاپ «پۇت ئاتتى» قىلىۋاتقان چاغدا ئاياللار، باللار ئۆلگەن موزاي بىلەن تۆگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. مالچىلار ئاچچىقىدا مىلتىقلىرىدىن بىرنەچچە پاي ئوق چىقارغاندىن كېيىن تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئەمما ئەتراپ ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋشۇشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ۋارقىراش-جارقىراشلار، نېمىنىڭدۇر ئۆپۈر-تۆپۈر قىلىشلىرى بېسىقماي پۈتۈن بىر كېچە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى.

## 4

مىلتىقنىڭ پاڭىلداپ ئېتىلغان ئاۋازى بىلەن مالچىلارنىڭ قولىدىكى قول چىراغ ۋە ئاسما پەنەرنىڭ يالت-يۇلت قىلىشلىرىدىن چۆچۈگەن بۆرىلەر تاغقا قاراپ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىشتى. ئۇلار قول چىراغ بىلەن پەنەرنىڭ يورۇقىنى چوقۇم كۆيۈۋاتقان ئوت دەپ بىلىشەتتى. ئۇلار گېزى كەلگەندە ھېچقانداق مۇدھىش كۈچنىڭ خىرىس قىلىشىدىن قورقمىغىنى بىلەن نېمىشقىدۇر ئوت بىلەن سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئارغامچىنى كۆرسىلا تىرىك جېنى چىقاتتى.

كالتە قۇيرۇق چىشى بۆرە ھەمراھلىرى قاتارىدا قۇلاقلىرىنى كەينىگە يوپۇرۇپ، بەستىلىك گەۋدىسىنى گاھ پورژىنىدەك قىسىپ، گاھ يىلاندەك ئۇزارتىپ، بىرخىل تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئالدىدا قارغا كۆمۈلۈپ دالا بىلەن پەرقسىز بولۇپ قالغان دەريادىن ئۆتۈپ، يەنە ئازراق يۈگۈرسىلا قېلىن قارىغايلىق تاغقا ئۇلىشاتتى. ئۇ يەردىن ئۆز ئۇۋىسىغا بارماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ يىلقى ئۇۋىسى ئۈچۈن تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىنمۇ ئىشەنچلىك بولغان تەبىئىي ئۆڭكۈرنى تاللىغاندى. بۇ ئۆڭكۈر ھەم تىك، ھەم ئېگىزگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ بايقىۋېلىشى، بايقىۋالىنغاندىمۇ يامىشىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ ياخشى يېرى، بىرنەچچە تۈپ قېرى ئارچىنىڭ باغجانلاپ كەتكەن قېلىن شاخلىرى ئۆڭكۈر ئاغزىنى يېپىپ تۇراتتى. ئانا بۆرە بۈگۈن ئۇۋىغا باشلاپ چىققان ئىككى كۈچۈكىنى ئۆتكەن يىلى باھاردا دەل مۇشۇ ئۆڭكۈردە تۇغۇپ چوڭ قىلغانىدى. قالتىس ئوۋ بولدى-دە، بۈگۈن ئۇ باللىرىغا قوتانغا قانداق شەپىسىز يېقىنلىشىشنى، يېقىنلاشقاندىن كېيىن قويلارغا ناھايىتى تېز ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى، قويلارغا زەرپ بىلەن تاشلىنىپ، ئۇنى يىقىتىپ، كېكىرتەكىنى قانداق چايناپ ئۈزۈۋېتىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنىدى. بۇ قېتىم قويلارنىڭ ھالى بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى. ئانا بۆرە ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئالدىدىكى بىر قوينىڭ كېكىرتىكىگە ئېغىز سالغان چاغدا، ئىككى بالىسى قوينىڭ قۇيرۇق ۋە ساغرىسىغا يېتىلىۋاتقان ئۆتكۈر چىشلىرىنى تەگلا پاتۇرۇشتى. بۇ ياش ئىككى بۆرە ئۈچۈن شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، بۇ قوي

گويا شۇنداق بىر تەقدىرنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئازراق تىپىرلاش ۋە مەرەشتىن باشقا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. بۇ ھال ئانا بۆرىنىڭ تولىمۇ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرگەنىدى...

بايا مالچىلار مىلتىقلىرىدىن پاڭ-پۇڭ قىلىپ ئوق ئۈزگەن چاغدا چوغدەك قىپقىزىل، چېكىتتەك كىچىك بىر نەرسە بۆرىلەرنىڭ بېشىدىن ۋىژ قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەنىدە ئىككى ياش بۆرە ھەممىدىن بەك ئالاقزادە بولۇشقان. ئۇلار ئەمدى پىتراپ قاياقلارغا كەتتىكىن؟ ياكى ئارقىدا توپقا يېتىشەلمەي تەمتىرەپ يۈرەمدىكىن؟...

ئانا بۆرە قېچىپ كېتىۋېتىپ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئۇ ئەتراپنى ھىدلاپ بالىلىرىنىڭ تونۇش پۇراقلىرىنى ئىزدەۋاتقان چاغدا، كۈتۈلمىگەنىدە «ۋاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەردىن بىر غۇلاچچە ئېگىزلىككە سەكرەپ كەتتى-دە، قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا پۇرلىنىپ يىقىلدى. شۇئان يەر ئايلىنىپ ئۈگتەي-توگتەي بولۇپ كەتكەنىدەك بولدى. ئالدى ئوڭ پۇتىنىڭ بېغىشىدىن باشلانغان چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقتىن ئىڭراپ، پۇتىغا ئېسىلىپ قالغان پولات قاپقانغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ قارىدى. بۇ نېمە ھال؟ كىچىككىنىلا بىرنەرسە! چوڭلۇقى تۈلكىچىلىك كەلمەيدىغان بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ۋە غالىبلىقى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. شۇڭا ئۇنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن چايناشقا باشلىدى. شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى، ئۇنىڭ ھېچبىر يېرى بىرەر جانلىق مەخلۇقاتقا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ نېمىسىدۇر شاراقلايتتى، تاشلارغا تېگىپ جىرىڭشىغاندەك قىلاتتى، ئانا بۆرە ئۇنىڭدىن تېزلا ئادەمنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ سېزىۋالدى. ئاھ، دەرىخا! ئۇنىڭ شۇنچە ئۆتكۈر كۆزلىرى، ھوشيار سەزگۈلىرى ۋە نازۇك پۇراش سېزىملىرى نېمە ئۈچۈن بۇنى ئالدىن بىلىۋېلىشقا ئاجىز كەلدى؟ ياكى ئۇ بىر قەۋەت قوم ئارىلاش قۇرۇق توپا ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! بۆرە ئادەملەرنىڭ تەر ۋە ياغ ئارىلاش غەلىتە پۇراقلىرىنى چوڭقۇر يەر ئاستىدىنمۇ پۇراپ سېزىۋېلىشقا قادىر. توغرىراقى، ئۇ پىتراپ قاياقتىدۇر تەمتىرەپ يۈرگەن ئىككى بالىسىنىڭ غېمىدە سەكپارە بولۇپ، بۇ لەنىتى تەر ۋە ياغ پۇراقلىرىنى ئەستىن چىقارغان. شۇنداقتىمۇ ئانا بۆرە ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ئىكەنلىكىگە ھەرگىز تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ھامان ئۇلاردىن غالىب ۋە بۇ زېمىنغا ھۆكۈمران ئورۇندا سېزەتتى. ئانا بۆرە قاپقاندىن پۇتىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن يۇلقۇنغانسېرى قاپقان ئۇنىڭ پۇت بېغىشىنى شۇنچە شىددەت بىلەن قىسىشقا باشلىدى. ئۇ قاپقانغا يەنە ئۆچمەنلىك ۋە ھەيرانلىق بىلەن چەكچىيىپ قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپلىك، ئەسەبىي كۆكۈش نۇر قاپقاننىڭ قارامتۇل گىرۋەكلىرىدە چاقناپ كەتتى. قاپقان تاشتەك ئېغىر ۋە قوپال ئىدى. بىر ئۇچى ئۇنىڭغا، يەنە بىر ئۇچى يەرگە چوڭقۇر قېقىۋېتىلگەن تۆمۈر قوزۇققا چېتىپ قويۇلغان. تۆمۈر زەنجىر بۆرە ھەربىر سىلكىنىپ يۇلقۇنغاندا شاراقشىغان ئاۋاز چىقىراتتى. بۆرە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا قاپقان بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى قۇۋۋەتلىك چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قاراسلىتىپ چايناشقا باشلىدى. ئۇ قىساس ۋە تەڭداشسىز غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسەبىي تۇيغۇ ئىچىدە ئۇششاق چىشلىرىنىڭ پارە-پارە بولۇپ سۇنۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. قاپقان ۋە زەنجىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەي ئارىلاش قىپقىزىل قان بىلەن

بويالدى. بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك قاپلىدى. ئاستىدىكى قار ئېرىپ، قۇمساڭغۇ توپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. بۆرىنىڭ قارا پاتقاققا ئايلىنىۋاتقان توپا ئۈستىدە تىنىمسىز دومىلىشىدىن، دۈمبىسىنىڭ كۆكۈش-ساغۇچ، مەيدە ۋە قورساقلىرىنىڭ ئاقۇش تۈكلىرى قاپقارا لاي بىلەن مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. بەدىنىدىن ئوت يالقۇنىدەك قىزىق ھارارەت ۋە ئاقۇش ھور كۆتۈرۈلەتتى. كۆزلىرى يۈرەكنى سىرقىرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ساق قالغان ئوق چىشلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك مەزمۇت بولۇپ، خەنجەردەك يالتىراپ تۇراتتى.

دالا جىمجىت، پەقەت يىراقلاردىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. تۇمانلىق ئاسماندا پىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ كۆزىگە خۇددى ئاينىڭ تارام-تارام كۆز ياشلىرىدەك كۆرۈنەتتى. بۇلاردىن كۆڭلى بۇزۇلغان ئانا بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ئۇ نېمىگە يىغلىدى؟ نېمىگە ئىدا قىلىپ غىڭشىدى؟ قاپقانغا چۈشۈپ ئىنسانلارنىڭ مەھكۇم ئەسىرى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنى مەھكۇم تۇتقۇن ۋە يېڭىلگۈچى دەپ قارىغىنى يوق. بىراق، بىر ئىشنى خاتا قىلغانىدەك... بىر قەدەمنى... ئاشۇ بىر قەدەمنى خاتا باسقانىدەك...

... بۆرە قاپقاننى چايناۋېرىپ ھالىدىن كەتتى، ئۇ ئاشۇ ھالسىراش ئىچىدە ئۆزىنى يەنىلا ھەرتەرەپكە ئاتاتتى. ھەمراھلىرىنىڭ يىراقتىكى ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. قۇلاقلىرى شۈنچە سەزگۈر، كۆزلىرى شۇنچىلىك ئۆتكۈر ئىدى. بۆرە قاپقاننىڭ قاتتىق قىسىشىدىن ئۆگىلىرى ئېزىلىپ كاردىن چىققان پۇت بېغىشىنى ۋە قان ئۇيۇپ ئىششىپ كەتكەن تاپىنىنى ھەدەپ يالاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى سەزگۈر تاپىنى ئەمدى ھېچنەرسىنى سەزمەيتتى. ئانا بۆرە تاغ كەينىگە ئۆلتۈرۈۋاتقان ئايغا تەلپۈنۈپ، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگۈسى، ئۇنىڭغا قوغلاپ يەتكۈسى كېلىپ، قاپقاننى جان-جەھلى بىلەن چىشلەپ چايناشقا باشلىدى. ئېلىشىپ-ئېلىشىپ ھالىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى قاپقان ئۈستىگە تاشلاپ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈم بىلەن ھالاكەتنى رايىشلىق بىلەن كۈتۈۋاتامدۇ؟ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمۇ؟ ياق! ئۆلۈم — ھالاكەت ئەمەس! ئۆزىگە ئەبەدىي ۋە مۇقەددەس بولۇپ تۇيۇلىدىغان روھتىن جۇدا بولۇشلا ھەقىقىي ھالاكەت! ئانا بۆرىنىڭ ھالاكەتكە ھەرگىز تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان قانىنىڭ شىددەتلىك ئەۋجىدە ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھشىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى...

قارلىق دالا ئاستا-ئاستا يورۇپ ئاندىن تاغ ئۈستىدە قۇياش پارقىرىدى. ئۇنىڭ تال-تال قىزغۇچ نۇرلىرى قار ئۈستىدە جىمىرلاپ، بۆرىنىڭ كۆزلىرىنى چېقىشقا باشلىدى. شۇۋىرغان ھۇشقىتىپ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ بۆرىنىڭ باش-كۆزىگە زەرب بىلەن ئۇراتتى. دەريا تەرەپتىن مۇزنىڭ سوغۇق ئەۋجىدىن چاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازى كېلەتتى. شۇ چاغدا بۆرە دەممۇدەم ئۇرۇلۇۋاتقان شۇۋىرغاندىن تونۇش پۇراقنى سېزىپ قالدى ۋە ھوشيارلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى شۇۋىرغانغا تۇتتى: شۇنداق... ئادەم! يەنە ئاتنىڭ پۇرىقى! دېمەك، كۈن چىقىش بىلەن تەڭ

بۇياققا قاراپ ئادەملەرنىڭ ئاتلىق كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ! ئاھ، بۇ ئادەملەر... ! ئۇلار ھازىرلا كېلىدۇ، دەسلەپتە ئۆز ئامتىگە تەنتەنە قىلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ. ئاندىن ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بۆرىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ھوشۇقىنى كېسىۋالىدۇ-دە، گۆشىنى قاغا-قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىدۇ. مانا بۇ بۆرە ئۈچۈن چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە ھاقارەت ! ئانا بۆرە بۇلارنى ئويلاپ قايتىدىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى ۋە پۈت بېغىشىنى قاپقان قىسقان يەرنىڭ سەل ئۈستۈنرەكىدىن شىددەت بىلەن چايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ساق قالغان ئېزىق چىشلىرى يەنىلا ئۆتكۈر ۋە قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى قاراسلىتىپ ئېزىشكە ماغدۇرى يېتەتتى، بۆرە دەسلەپتە ۋۇجۇدىغا شۇرۇلداپ تاراۋاتقان چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن قاقشاپ ئىڭراپ كەتتى ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى. يىراقتىن بىرنەچچە ئاتلىق ئادەم ئۇدۇل بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. « نېمە قىلىۋاتىمەن؟ نېمە قىلىۋاتىمەن شۇ تاپتا؟ ئۆز جىسمىمنى ئۆزۈم چىشلەپ چايناۋاتقىنىم نېمىسى؟ ياكى ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قورقۇپمۇ؟

— ھەسرەتلىك ئىڭرىۋەتتى بۆرە. ئەمما ئۇ شۇئان يەنە ئۆز تەبىيىتىگە قايتتى،

— ياق... ياق... ئۆلۈمدىن قورقۇش دېگەن نېمە؟ ئۆز-ئۆزۈمگە شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن مەقسەت — روھىمنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش... »

بۆرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى پۇت بېغىشىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى چايناپ پارە-پارە قىلىۋەتكىنى بىلەن پېيىنى چايناپ ئۈزۈۋېتىشكە ئاجىز ئىدى. بۆرىنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئادەملەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرىمۇ، قۇرۇق چاتقاللارنىڭ ئاتلارنىڭ پۇتىغا شىپىلداپ ئۈرۈلۈشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر چاغدا كۆتۈلمىگەندە چاتقاللىق يېنىدا ئۇياق-بۇياققا دوملاۋاتقان بۆرىنى ئىلغا قىلدى-دە، ھايت-ھۇيت قىلىشىپ ۋارقىرىشىپ ئاتلىرىغا قامچا سېلىشتى. ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاچراپ چىققان قار بۆرىنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى. دەل شۇ چاغدا بۆرىنىڭ ئاخىرقى شىددەتلىك چايىنىشى بىلەن تەڭ پۇتىنىڭ پېيىمۇ ئۈزۈلدى. بۆرە دەسلەپتە بار كۈچى بىلەن قاتتىق يۇلقۇنۇپ، ئاتنىڭ ئايىغىدىن ئىككى غۇلاچچە نېرىغا — قار ئازگىلىغا دوملاپ چۈشتى، ئۇ قانداق تېز يىقىلغان بولسا شۇنداق تېزلىكتە چاچراپ قوپۇپ، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ تاغقا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭغا شۇنىسى بەك ئايان ئىدىكى، ئەبەدىي تىرىكلىك روھى، ماتانەت ۋە مۇھەببەت ئەمدى ئاشۇ تاغلاردىلا قالغانىدى، ئۇنى پەقەت ئاشۇ تاغلارلا ئۆز پاناھىغا ئالالايتتى..

ئاتلىقلار بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ۋارقىراشقان، ھۇيقىتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. مىلتىقتىن پاڭىلداپ ئېتىلغان ئوق بۆرىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى، ئالدىدىكى قارلار بۇركۇت چاڭگىلىدىكى كەپتەر تۈكىدەك توزۇپ كەتتى، نىھايەت، ئاتلىقلار بىلەن ئانا بۆرىنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى ئۈزىراپ بارماقتا ئىدى. بۆرە تاغ باغرىغا ئۇلىشىۋالدى...

5

ئانا بۆرە ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەملەرنىڭ قارىسى يوقىشى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىغۇدەك كۈچ-مادارنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

دەك كۈچ-مادارىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەربىر نەپەس ئالغاندا كېلىدىن خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. تىلى ئاغزىدىن بىر غېرىچچە ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. قورسىقى نەپەس بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئىچىگە بىر كىرىپ، بىر تومپىيىپ تۇراتتى. چىشلەپ ئۈزىۋېتىلگەن ئالدى پۇتىنىڭ بېغىشىنىڭ گۆش-پەيلىرى ئاللىقاچان مۇزلاپ بىر تال تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، نىمجان يىلاندەك تەستە سوزۇلۇپ، تاغ باغرىدىكى قېرى ئارچىنىڭ قېلىن شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى ۋە ئەتراپقا قولاق سېلىشقا باشلىدى. ئەتراپ جىمجىت، كائىنات سوغۇقتىن گويا مۇزدەك قېتىپ كەتكەن...

بۆرىنىڭ قورقۇنچى تېخىچە تۈگىمىگەن-دى، ئۇ بىرخىل ئالاقزادىلىك ئىچىدە تولغىنىپ، ئارچا ئارىسىدا بىر پەس ياتتى، قۇياش ئەتىگەندە تاغ ئۇستىدىن شۇنچە چىرايلىق، تاپ-تازا نۇرلىرى بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ كۆرۈن-دى. يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى قوغۇشۇن رەڭلىك قېلىن تۇمان ئىچىدە شۇنچە خۇنۇك ۋە نۇرسىزلىنىپ كەتتى.

ۋاقىت ئانا بۆرىنى ئاستا-ئاستا ماغدۇرىغا كەلتۈردى. ئەمما ئۈزىۋېتىلگەن پۇت بېغىشىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىقى يەنىلا ئۇنى قىيناپ قاقشاتماقتا ئىدى. بۆرە گويا ئاشۇ ئاغرىق ئازابلىرىنى يالماپ يوتۇۋېلىپ ئۆز تېنىگە ئاراملىق بەرمەكچى بولغاندەك، پۇت بېغىشىنى ھەدەپ يالاشقا باشلىدى. تىلىنىڭ ئىسسىق ھارارىتى پۇت بېغىشىنىڭ مۇزلىرىنى ئېرىتىپ، سەزگۈلىرىگە بىرخىل ئاراملىق ۋە راھەت بېغىشلىغاندەك بولدى. ئەمما مۇزلىرى ئېرىش بىلەن تەڭ پۇتىنىڭ ئېچىلىپ قالغان قىپقىزىل گۆشىنى كۆرۈپ، بۆرىنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. نېمىشقا شۇنداق؟ ئەزەلدىن قورقۇش-نى بىلمەيدىغان بۇ بۆرە نېمە ئۈچۈن ھازىر مۇشۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ ياكى ئۇ پۇت بېغىشىدىكى ساڭگىلاپ قالغان گۆش، پەي ھەم ئاستا تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان قاندىن كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ؟ ھەئە، ئۇنىڭ سەزگۈسىنى بىردىنلا يۇمشىتىپ ئازابلاۋاتقان نەرسە ئاشۇ قان ھەم گۆش... ئۇنىڭ ھەر قېتىم تۇغۇلغان باللىرى بەئەينى ئۆز تېنىنىڭ بىر پارچە گۆشىدەك قىپقىزىل ئىدى. بەدىنىدىن ئاجراپ چىققان ئاشۇ گۆش بىلەن بىللە تومۇرلىرىدىن ئىسسىق قېنىمۇ تەپچىرەپ ئاقاتتى... بۆرىنىڭ ئۆمرىدە تۇغقان باللىرى سان-ساناقسىز، ئۇلار ئۈچۈن ۋۇجۇدىدا، روھىدا ئاپىرىدە بولغان مېھرى-مۇھەببەتمۇ بىھېساب ئىدى!

بۆرىنىڭ پۇت بېغىشىدا كۆرۈنۈپ قالغان قىپقىزىل گۆش بىلەن ئارىسىدىن ئاستا تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قان، پاڭىلداپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن قاياقلارغىدۇر پىتراپ كەتكەن ئىككى باللىسىنى ئېسىگە سالدى. خېلىلا چوڭىيىپ ئوۋغا يارايدىغان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، ئوشتۇمتۇت ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ يۈرەكلە-رى يېرىلىپ كەتكەندەك بولغان ئاشۇ بىر جۈپ باللىسى شۇ تاپتا نەلەردە تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرىدىكىن؟ ئۆز قەۋمىگە قوشۇلۇپ تاغ ئارىسىغا ياكى ئورمانلىقلارغا قېچىپ كەتتىمكىن؟ ياكى ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇۋىسىنى تېپىپ شۇ يەردە پاناھلىنىپ ياتامدىكىن؟...

يېقىنلا يەردە ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. تاغ ئارىسى جاراڭلاپ كەتتى. ئوق ئاۋازىنىڭ

شىنددەتلىك زەربىسىدىن ئارچا شاخلىرى ئۈستىدىكى ئاپئاق قار ئانا بۆرىنىڭ باش-كۆزىگە شىرقىراپ چۈشتى. ئانا بۆرە چەبدەسلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاۋانى سەگەكلىك بىلەن ھىدلاشقا باشلىدى، دەسلەپتە ئىسىنىڭ، قانداقتۇر كۆيگەن بىرنەرسىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى، ئاندىن تونۇش، يېقىملىق، ئۆزگىچە بىر پۇراق باشتا ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ، كېيىن دەممۇ-دەم بۇرنىغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاھ، ئۆز باللىرى... پەقەتلا ئۆزىنىڭ! دېمەك ئۇنىڭ بىر جۈپ بالىسىنىڭ مۇشۇ يېقىنلا يەردە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنى ئېنىق! ئانا بۆرە باللىرىنىڭ تونۇش پۇرىقىنى ھىدلاپ قايتىدىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى، ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئۈستىدىكى قار توزۇندىلىرىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، پۇراق كېلىۋاتقان تەرەپكە ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈردى. يۈگۈرگەنسېرى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆز باللىرىنىڭ پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنىڭمۇ، ئاتنىڭمۇ پۇراقلىرى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇئان بۆرىنىڭ سەزگۈسىدە بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت ۋە ئۆچمەنلىك تاغ كەلكۈنىدەك كۆۋەجەپ ئوخچۇپ كەتتى.

ئانا بۆرە يىراقتىن ئۇلارنىمۇ كۆردى. ئۆشنىسىگە مىلتىق ئارتىۋالغان ئاتلىق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بىر جۈپ بۆرە بالىسىنى ئارغامچىدا باغلاپ، ئېتىغا سۆرىتىپ، قارلىق تاغ قاپتىلىدا كەلمەكتە ئىدى. ئانا بۆرە دەسلەپتە يۈرىكىنىڭ يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق دۈپۈلدىشىدىن سېزىملىرىنى يوقىتىپ، جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەمما يەنە شۇئان چېپىپ كېتىۋاتقان كېيىكتەك ھاۋاغا قاڭقىپ، چىغىر يول يېنىدىكى يوغان قىيا تاش ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. غەزەپ ۋە قىساس تۇيغۇسىدىن ئۇتتەك يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى ئاتلىق ئادەمگە نەيزىدەك تىكىلدى.

سوغۇقتىن دۈگدەيگەن، قاش-كىرپىكلىرىنى قىرو بېسىپ كەتكەن ئاتلىق ئادەم بۆرىگە ئۈچ غۇلاچچە قالغاندا ئېتىنىڭ بىردىنلا پۇشقۇرۇپ ئارقىغا داجىشىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، قىيا تاش ئۈستىدە ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان چىشى بۆرىنى كۆرۈپ ئالمان-تالمان ئۆشنىسىدىن مىلتىقنى ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئات بۆرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ جايىدا تىنىمسىز ئايلىناتتى. ياندىكى چاتقاللىق ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولاتتى. ئاتلىق ئادەم قولىدىكى تىزگىننى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئاتنى ئارانلا باشقۇراتتى. شۇ ئارىدا ئىككى رەقىبنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن يالت قىلىپ ئۇچراشتى. گويا چاقماق چېقىۋاتقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ يېرىم تىنىق ئارىلىقىدىكى چەكچىيىپ قاراپ قېلىشلىرى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدا تىللىرى بىلەن ئەمەس، كۆزلىرىنىڭ قەھرلىك يېشىل ئۇچقۇنى ئارقىلىق مۇنداق سۆزلەشتى:

— ھا...ھا... سېنىڭمۇ ئەجىلىڭنىڭ توشقان كۈنلىرىنى كۆرىدىكەنمەن-ھە، توكۇر نىجىس؟! مانا، ھازىرلا ئوقۇمغا يەم بولسەن، ئالدىمدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!

— ئاھ، دەرىخا! نېمانچە رەھىمسىز، قارا يۈرەك مەلئۇنسەن؟ مېنىڭ باللىرىمنى... مېنىڭ يۈرەك پارەمنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟ سېنىڭمۇ باللىرىڭ بولغىيتتى؟

— سەن بىزگە زىيانداش تۇرساڭ، ساڭا نېمىشقا مېھىر-شەپقەت قىلغۇدەكمەن؟

كالىلىرىمنى بوغۇپ ئۆلتۈردۈڭ، يېدىڭ، بىزگە ھەددى-ھېسابسىز زىيان سالدىڭ.

— زىيانداش دېدىڭمۇ؟ خاتالاشتىڭ ئەي ئادەم. بىز ھەممىمىز... سەنمۇ، مەنمۇ، ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ قۇرت-قوڭغۇزغىچە ئۇلۇغ زېمىن ئانىنىڭ باللىرى تۇرساق، قانداقمۇ بىر-بىرىمىزگە زىيانداش بولغان بولىمىز؟ سەن قوي، كالىلىرىمىزنى بوغۇپ ئۆلتۈردۈڭ، يېدىڭ دەيسەن؟ ئەمما سەن شۇنى بىلىپ قال، بىز قوي، كالا ۋە تۆگىلىرىڭنىڭ گۆشىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆلگەن روھىنى ئوزۇق قىلدۇق. سەن ئۇلارنىلا ئەمەس، ھىممىتى مول ئۇلۇغ زېمىن ئانىمىزنىمۇ يالماپ يۇتماقچى بولغىنىڭدا بىز ھاياتلىق ھوقۇقىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ساڭا قارشى جەڭ ئېلان قىلدۇق. ئالەم مۇرەببىيسىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن زېمىن ئانىمىزنىڭ مېھرى-ھىممىتى جىمى مەخلۇقلارغا تەڭ چېچىلغان، ھالبۇكى سەن ئالەم مۇرەببىيسىنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى تەرك ئەتتىڭ، سەن مۇرۇۋۋەتلىك بۇ ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ گۆشىنى يەپ، قانلىرىنى شوراپ، ئۇنى جانسىز مۇردىغا، ھۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىلگەن ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويدۇڭ، سېنىڭ ياۋۇزلۇقۇڭ تۈپەيلى زېمىن ئانىمىز ھالاكەت گىرداۋىدا جان تالاشماقتا، سەن ئاشۇ قىلمىشىڭ بىلەن سەكراتتا ياتقان ئانىمىزغا قايسى يۈزۈڭ بىلەن قاراي-سەن؟ ئالەم مۇرەببىيسىنىڭ ھەق جازاسىغا ئۇچرايسەن!

— جازا دەمسىنا، ھەي كالتە قۇيرۇق توكۇر بۆرە؟ ئەكسىچە مېنىڭ سېنى ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟... بولا ئەمەس، تېرەڭنى، يېغىڭنى ۋە ھوشۇقۇڭنى ساتسامۇ - پۇل!...

— پۇل؟ قانداق نەرسە ئۇ پۇل دېگەن؟ ئۇنى يېگىلى بولامدۇ؟

— پۇلنى بىلمەمسەن؟ توغرا... توغرا ئاڭسىز ھايۋان بولغىنىڭ ئۈچۈن پۇلنى نېمە بىلسەن؟ قورسىقىڭ تويسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىسەن، بىزچۇ، پۈتكۈل تەبىئەتنى، كائىناتنى بويسۇندۇرماقچى بولىمىز.

— بولدى بەس! ھەرقانچە قۇدرەتلىك، ئەقىللىق بولۇپ كەتسەڭمۇ يەنىلا سەن تەبىئەتنىڭ قوچىقىدا ياشايسەن! ئەجىبا، تەبىئەتنىڭ، زېمىننىڭ جازاسىدىن قورقما-سەن! سىلەر يەر يۈزىدە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىسىلەر، ھايۋاناتلار-نىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋاتىسىلەر. سىلەر مەڭگۈ قانماس ئاچكۆزلۈكۈڭلارغا، تەبىئەت بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىشتىن ئىبارەت شۆھرەت-پەرەسلىكىڭلارغا، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكىڭلارغا تايىنىپ تەبىئەتنى ۋەيران قىلىۋاتىسىلەر، بۇ ئىشلار-نى ئەقىللىق ئىنسانلار ھەرگىز كەچۈرمەي-دۇ، چۈنكى تەبىئەتنى ۋەيران قىلىش ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدۇ. ئالەم مۇرەببىيسى شۇنداق دېگەن: «ئادەملەر-نىڭ ئىمانسىزلىقى ئۇلارنى شەپقەتسىزلىككە، ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇش بولسا ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ».

— ھالاكەت دېدىڭما؟ ھا...ھا...ھا... ئەخمەق بۆرە، بىراق ھالاكەتنىڭ ساڭا ياكى ماڭا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن...— ئاتلىق ئادەم ئانا بۆرىنىڭ دەل كۆكرىكىنى چەنلەپ مىلتىقىدىن بىر پاي ئوق ئۈزدى. گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئانا بۆرىنىڭ يۈرەك-باغرى «ۋىژ» قىلىپ كۆيگەندەك

بولدى، بۆرە جان ئاچچىقىدا قورام تاش ئۈستىدىن بىر غۇلاچچە ئېگىز سەكرەپ كەتتى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاداققى كۈچىنى يىغىپ ئاتلىق ئادەمنىڭ ئۈستىگە زەرب بىلەن تاشلاندى. ئىككىسىنىڭ يوملاقلىشىپ قار ئۈستىگە يىقىلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئات دەريا تەرەپكە قاراپ ئوقتەك تېزلىكتە چېپىپ قېچىپ كەتتى.

مالچىلار بۆرىلەرنى پۈتۈن بىر كۈن قوغلاپ، ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ كەيپى ئۇچۇپ تېخى بايىلا قوتانغا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار ئوۋچىلار ئاتامانىنىڭ ئېتىنىڭلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سېزىشتى-دە، كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئاتلىرىغا مىنىشىپ تەرەپ-تەرەپكە چېپىشتى. ئۇلار ئىز ئىزدەپ قورام تاش يېنىغا كەلگەندە ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىدا ئانا بۆرە بىلەن ئوۋچىلار ئاتامانىنىڭ بىر-بىرىگە مەھكەم چاپلاشقىنىچە مۇزدەك قېتىپ قالغان ئۆلۈكى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن قار ئۈستىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئانا بۆرىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئۈچەي-باغرى ئاتامانىنىڭ پۇت-قوللىرىغا چىرمىشىپ كەتكەنىدى. مالچىلار بۆرىنىڭ ئوۋچىلار ئاتامانىنىڭ كېكىرتىكىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن ئۆتكۈر ئوق چىشلىرىنى هەرقانداق قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدى.

شۇۋىرغان كۈچىيىشكە باشلىدى.

مالچىلارنى يەنە ئەندىشە-تەشۋىشكە سېلىپ تاغ ئارىسىدىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ هوۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى:

— هۇۋ...ۋ...ۋ...!

« ئاقسۇ ئەدەبىياتى »غا مۇشتىرى بولۇڭ

هۆرمەتلىك كىتابخان: « ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1980-يىلى نەشر قىلىنغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار سەهىپىلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر ئېقىنى بولۇش سۈپىتىدە كەڭ كىتابخان ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ ياخشى هەمكارچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بۇ ژۇرنال « 1995-يىللىق گېزىت-ژۇرنال مۇشتىرى قوبۇل قىلىش تىزىملىكى » دىن چۈشۈپ قالغان.

ژۇرنىلىمىز 1995-يىللىق سانلىرىغا داۋاملىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. مۇشتىرى بولغۇچىلار جايلاردىكى پوچتىخانىلار بىلەن ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

ژۇرنىلىمىز هەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 20-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

باهاسى: 1.40 يۈەن.

# ئەدىبلەر ئارا سۆھبەت

(سۆھبەت خاتىرىسى)

**نىيازئىمىن قۇربانى**

بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزدا يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كەلمەكتە. ئاپتورلىرىمىز ئارىسىدىمۇ تېگىرقاش، ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويۇش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلمەكتە. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى فۇنكتسىيىسى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئىزلىنىشلار بولماقتا. مەن مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قەشقەردىكى مەشھۇر ئىككى ئەدىبنى زىيارەت قىلدىم.

**سوئال:** شېئرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا قانداق قارايسىز؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** شېئرىيىتىمىز ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزگىرىش — يېڭىلىنىش، گۈللەپ راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت بىر تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەنئەنىۋى شېئرلارنىڭ يېڭىچە روھ بىلەن تاكامۇللىشىپ، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە يېڭىچە شېئرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مانا شۇنىڭ ئىسپاتى. بىراق يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شېئرىيىتىمىزنىڭ كەلكۈن پەسلى ئاخىرلىشىپ، بىر خىل تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ شائىرلىرىمىز ۋە شېئرىيەت ئىخلاسمەنلىرى يەنىلا تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش - تاللاش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بىر مەزگىللىك جىملىقنىڭ يېڭىچە پارتلاشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. چوقۇم شۇنداق بىر پەيت يېتىپ كېلىدۇكى، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى بىر مەنىۋى پارتلاش بولۇشى بىلەن شېئرىيىتىمىز تۇرغۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەن ئالتۇن دەۋرنى كۈتۈۋالىدۇ.

**تاھىر تالىپ:** تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شېئرلىرىدىن بىۋاسىتە ئوقۇغانلىرىم، بەزى تەرجىمە شېئرلاردىن كۆرگەنلىرىمگە قارىغاندا؛ بىزنىڭ شېئرىيىتىمىزنىڭ سەۋىيىسى (ئاز سانلىق شېئرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇنچىمۇ تۆۋەن ئەمەس. بىزدە بىر تۈركۈم ياخشى شېئرلار بار، بۇ شېئرلارنىڭ بەزىلىرى چەت ئەلنىڭ ئەڭ ياخشى شېئرلىرى بىلەن بەسلىشەلەيدۇ.

**سوئال:** ھازىر بىر قىسىم ئاپتورلاردا ئەسەر يازماي جىم بولۇۋېلىش ئەھۋالى ئېغىر (بولۇپمۇ شائىرلاردا). بۇ ئەسەرلىرىنىڭ كىرىزىسكە ئۇچراۋاتقانلىقىدىنمۇ ياكى قەھرىمانىغا ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنىنىڭ پەيدىن-پەي يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ھەر بىر يېڭى نەتىجە شائىر-يازغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى پارتلاشنىڭ مېۋىسى. يانار تاغ ھەمىشە پارتلاۋەرمىگەنگە ئوخشاش روھىي دۇنيادىكى پارتلاشمۇ ئىسپىلىككە ئىگە. شۇڭا شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدىمۇ دولقۇنسىمان ھالەت مەۋجۇت. لېكىن بەزىلەرنىڭ جىم بولۇۋېلىشىدا يەنە باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەرنىڭ (تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى، شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى، روھىي كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىزلىشىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر) رول ئوينىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا شائىرلىرىمىزنىڭ جىم بولۇۋېلىشىدىكى بۇ سەۋەبنى يەنە شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە ئاجىز كەلگەنلىكى ۋە چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىدىن ئىزدەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ.

**تاھىر تالىپ:** ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شېئىر يېزىشتىن بولۇپمۇ شېئىر يازدىم دەپلا شېئىر يېزىپ قويۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ھازىر خەلق «تاللاپ ئىستېمال» قىلىدۇ. ئادەتتىكىلەرنى ياراتمايدۇ. سەل ناچار بولۇپ قالسا ھەتتا يۈزتۇرانە تىللايدۇ. بۇ بىر سەۋەب. ئۇنىڭدىن باشقا نەشرىياتلار نەشر قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان كىتابلارنى كۆپ چىقىرىپ خەلقنى بىزار قىلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە بىر قىسىم ياخشى كىتابلارغىمۇ ئاپتوردىن زاكاس توپلاشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال ماڭىمۇ ئېغىر كېلىپ ئەسەر ئېلان قىلماسلىققا مەجبۇرلىماقتا.

**سوئال:** «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش ئارقىلىق ئۈچ شائىر، ئۈچ يازغۇچى ۋە ئۈچ ئوبزورچىنى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە ئوبزورچىلار دەپ خۇلاسىلىدى. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ تەسىراتىڭىز قانداق؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان كىتابخانلارنىڭ رايىغا ياقىدىغان شائىر ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلارنى تاللاش پائالىيىتى ئەدەبىياتىمىز مۇنبىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق سىناق. بىز بۇ ئارقىلىق تاللاپ چىقىرىلغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ كىتابخانلىرىمىز قەلبىدىكى ئورنىنى ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى روشەن كۆرۈۋالالىدۇق. مەن بۇ خىل يېڭى باشلىنىشنىڭ ئۇنۇملۈك داۋاملاشتۇرۇلۇشىغا تىلەكداشمەن. چۈنكى ئۇ ئەدەبىياتىمىز بىلەن كىتابخانلىرىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى يۈزلىنىش ئاساسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا پايدىلىق. لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، كىتابخانلار رايى مەلۇم يازغۇچى ياكى مەلۇم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ھەقىقىي ئورنى ۋە قىممىتىنى باھالاشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئەمەس. ئامماباب ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، كىتابخانلىرىمۇ كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە يېنىكچە ئۇسلۇب، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنىڭ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟!

**تاھىر تالىپ:** مەن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئادەتتىكى كىتابخان

ياكى ئوبزورچى نۇقتىسىدا ئەمەس، بەلكى يازغۇچى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر كۆزى بىلەن ئوقۇيمەن. «رايىنى سىناش»، «ئاۋاز بېرىش» ۋە «سايلام» دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەيمەن. ھەتتا نوبېل مۇكاپاتى بېرىلگەنلەرنىمۇ مۇتلەق توغرا تاللاندى دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولسا كېرەك.

**سوئال:** پىروزىچىلىقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** «نوقۇل رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش» نىلا بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلەيدىغان قاراشلار ۋە شۇ خىل كونا قېلىپتىكى ھېكايە-رومانلار ئەمدىلىكتە كىتابخانلارنى قىزىقتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەدەبىياتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ بارىدىغان بىر قىسىم ئىزدەنگۈچى يازغۇچىلار تەرىپىدىن كۆپ قاتلاملىق مەنىگە، سورتلۇق تۈسكە ئىگە بىر بۆلەك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىۋاتقانلىقىلا پىروزىچىلىقىمىزنى جانلاندۇرۇپ تۇرماقتا. لېكىن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ قالىدىغان نادىر ئەسەرلىرىمىز ھازىرغىچە يوق دېيەرلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت، پىشىپ يېتىلگەن تارىخىي شارائىت ۋە زور دەرىجىدە بەدەل تۆلەش كېرەك.

**تاھىر تالىپ:** پىروزىچىلىقىمىز چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بەزى دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئايرىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنلا جاھان كېزەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «سىزىق ئادەملەرگىلا» دېگەن ئەسىرى نادىر جاھان ئەسەرلىرى بىلەن بەيگىگە چۈشەلەيدۇ.

**سوئال:** يېقىنقى بىر-ئىككى يىل مابەينىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي خاتىرە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ، كىتابخانلاردا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. سىز بۇ ژانىرنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشى تېز، دەللىلىكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، كەڭ ئامموۋى ئاساسقا ئىگە. شۇڭا ئۇنى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىگە كىرگەن بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىيات شەكلى دېسەكمۇ بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

**تاھىر تالىپ:** ئادەم ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە فانتازىيىلىك، رومانتىك — توقۇلغان نەرسىلەرگە بەكرەك قىزىقىدۇ. يېشى چوڭايغانچە چىنلىقى كۈچلۈك بولغان نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان بولىدۇ. ئەمما ھازىر ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئەدەبىي خاتىرىنى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرمۇ ياقتۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ. كىچىكلەرنىڭ بالدۇر ئەقىل تاپقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنىمەن. بۇ جەھەتتە ئىنىمىز ئەختەم ئۆمەر بۆسكۈچى رول ئويناپ، كىتابخانلارنى رازى قىلماقتا. بۇ ژانىرىمىز ئەدەبىياتىمىزدا زەربىدار قوشۇن ياكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى بولۇپ قالغۇسى!

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت ئەھۋالىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن: كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن تۇغۇلىدىغان نۇرغۇن ئىنتىلىشلەر ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەقەت ئۆتكۈنچى بىر جەريان ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بىر ئىش. مەن شۇ ئارقىلىقلا ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن شەپە بېرەلەيمەن. ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەۋاتقان يالقۇنلۇق ئارزۇ-ئىستەكلىرىمنى كۈيلىيەلەيمەن. ئۇ مېنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىمغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ، مېنى قۇت ۋە ئىزگۈلۈككە ئىنتىلدۇرىدۇ. يېقىندىن بېرى يېڭىدىن بىر تۈركۈم رۇبائىيلارنى يازدىم، پات ئارىدا ئۇنى توپلام قىلىپ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا سۇنماقچىمەن.

تاھىر تالىپ: مەن خەلققە، كىتابخانلارغا دېمىسەم بولمايدىغان گېپىم بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گېپىم تازا ۋايىغا يېتىپ پارتلاپ چىقمىسا، خەلقىمنى ئاۋارە قىلىپ بىرنەرسە يېزىپ يۈرمەيمەن. دېمەكچى بولغان گېپىمنى سوزۇپ، سىرلاپ يۈرمەي، قىسقا، ئۇدۇللا دەيمەن. مەن كىتابخانلىرىمنى ھۆرمەتلەيمەن، كىتابخانلىرىمدىن ئەيمىنىمەن، كىتابخانلىرىمدىن قورقىمەن. ئۇلار مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇدا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر، ئۇلارنىڭ جازاسى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ جازا.

مەن ھازىر يەنىلا «ئادەم» ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. بۇ توغرىدا بىرمۇنچە ئۇششاق شېئىرلارنى يازدىم. ئادەم ۋە ئادەمىيلىك، ئادەمنىڭ ۋەھشىيلىكلىرى ۋە مېھرىبانلىقى توغرىسىدا بىر سيۇژېتسىز لىرىك داستان ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ سۈنئىي ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى تونۇپ يېتىۋاتىمەن. ۋۇجۇدۇمدا، روھىمدا نۇرغۇنلىغان سۈنئىي نەرسىلەر بارلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ماڭا يۇققان يامان نەرسىلەر بەك كۆپ ئىكەن. مەن بۇ توغرىدا تازا يېزىپ، بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئارقىلىق پاكلاپ، ئۇ ئالەمگە كىرسىز قايتىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن.

سوئال: ھازىرقى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، قەلەم ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكى سىزدە قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن: مەن بىر قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن داۋاملىق يېزىشنى ئىرادە، مەقسەت قىلىمەن. قەلەم ھەققىنىڭ ئۆسۈشى ياكى تۆۋەنلىشى توغرىسىدا ئەزەلدىن باش قاتۇرۇپ باققىنىم يوق.

تاھىر تالىپ: ھازىر مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. يەنە ئۆسۈش-ئۆسمەسلىكىگە ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. بۇنىڭغا مەن تەن بېرىپ بولدۇم. باشقىلار نېمە بولسا مەنمۇ شۇ دېگەن يەرگە كەلدىم. قەلەم ھەققى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز (غۇرۇرلۇقلىرى) قەلەم ھەققىنى ئويلايدىغان بولسا، ئەسەر يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتى. كۆپ ساندىكىلىرى خەلق بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈنلا

يېزىۋاتىدۇ. شۇڭا قەلەم ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكى ماڭا تەسىر قىلمايدۇ.

**سوئال:** نېمە ئۈچۈن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كىتابخانىلاردا ماددىي بۇيۇم ۋە پۇلغا قىزىقىشلا بولۇپ، ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش سۇسلىشىپ قالىدۇ؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** پۇل شەيتانغا ئوخشاش كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ۋە ئېزىقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كۆڭۈلگە شەيتان ۋەسۋەسە سالسا، ئېتىقاد سۇسلاشقانىدەك، پۇلغا چوقۇنۇشمۇ ئوخشاشلا ئىلىم-پەنگە، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش — ئىنتىلىشنى سۇسلاشتۇرىدۇ. بۇ مەنىۋى گۇمراھلىقنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتىدۇر.

**تاھىر تالىپ:** بۇ توغرىدا دەيدىغىنىم، ئۆزبېكىستاندا بىرەر كىتاب 60-70 مىڭ تىراژدا بېسىلسىمۇ سېتىلىپ تۈگەيدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە كىتابخانىسى بار ئىكەن. باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

**سوئال:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قانداق قىلغاندا دۇنياغا يۈزلەندۇرگىلى بولىدۇ؟ دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە توسالغۇلار بار دەپ قارامسىز؟

**ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن:** ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق مۇرەككەپ بىر جەريان. ئەمدىلا بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئەدەبىياتنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش بىزدىن مۇئەييەن ۋاقىت ھەم ئىنتايىن زور بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچىدىن، ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىلىرىنى بايقاشقا، يېتەكلەش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش (چۈنكى ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۇرگۈچى ئاساسىي كۈچ)؛ ئىككىنچىدىن، سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ھەم باشقىلارنى بىلىش، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزىمىزنى يېڭىلاش؛ ئۈچىنچىدىن، مىللىي روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشتىن ئىبارەت بىر تارىخىي شارائىت ئاستا-ئاستا پىشىپ يېتىلىدۇ. ئىزدىنىش — ئىلگىرىلەش يولىدا ھەرخىل قىيىنچىلىق، توسالغۇلاردىن خالىي بولۇش قىيىن، ئەلۋەتتە. بىراق كىشى تەۋرەنمەس ئېتىقاد، سۇنماس ئىرادە ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولسىلا ھەرقانداق توساقنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدۇ.

**تاھىر تالىپ:** —يەرلىك پۇراق، مىللىي پۇراق قانچە قويۇق بولسا، ئەسەر شۇنچە دۇنياۋىلىققا ئىگە بولىدۇ. راست گەپ قىلىش بۇ ئىككى «پۇراق» نىڭ يادروسى. بۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۇقمايدىكەنمەن.

### جىددىي تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك كىتابخان: ژۇرنىلىمىزنىڭ 94-يىللىق 6-سانىدىكى «دۇنيا شېئرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر» سەھىپىسىدە (85-بەت) ئېلان قىلىنغان تەرجىمە شېئىرلارنىڭ ئاپتورىنى ئۆمەر مۆھەممەد ئىسمىنگە ئۆزگەرتىپ، تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

# مۇھەببەت ۋە جاراھەت

**ئابدۇقادىر ھەمدۇللا**

ھەممىدىن يامان ئىكەن ئايرىلىش دەردى،
يەنىلا چىدىدىم ئۇزاتتىم سېنى.
سەن ماڭدىڭ ئوقۇشقا ئالىي مەكتەپكە،
ئىلىم-پەن كۆكىدە سەن ئۇچقىن قېنى!

سۆيگۈڭنى كىر قونماس ساداقىتىڭنى،
ۋەدە ۋە سۆزلىرىڭ قىلغان نامايان.
سەن دېدىڭ: مەن لەيلى سەن گويا مەجنۇن،
سۆيگۈمىزنى ھېچنېمە قىلالماس ۋەيران.

ئازايدى خەتلىرىڭ، ئۈزۈلدى ئاخىر،
مەن ئۈچۈن كۆپ كۈنلەر مەنىسىز ئۆتتى.
بېرىپ ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللى،
«ساقلا» دەپ ۋاپادار قەلبىمۇ كۈتتى.

ئاقىۋەت تەتىلدە سەن كەلدىڭ قايتىپ،
ۋە لېكىن مەن سېنى تونۇيالمىدىم.
تونۇدۇم ۋە لېكىن ئاشۇ تۇرقۇڭدىن،
بۇرۇنقى سېنى ئاھ ھېچ تاپالمىدىم.

سېھىرلىك شۇ گۈزەل كۆزۈڭ يوقالغان،
ئورنىدا ھاياسىز كۆزلەر پىلىلدار.
ئوخشاپسەن ھەزىلكەش ياكى ساراڭغا،
يۈزلىرىڭ، بولۇپمۇ قاپىقىڭ رەڭدار.

ھېچقانچە دال بولماس تار، قىسقا يوپكاڭ،
يالىڭاچ كۆرسىتەر يوتاڭنى تۈگەل.
ئىشەنمەس بۇ يۇرتنىڭ قىزى دەپ ھېچكىم،
ئۇسسۇل ئوينىغانداك ماڭساڭ تولغاپ بەل.

سۆزلەيسەن تانىسنى، كارا ئوكەينى...
سەن كەتكەن ئىدىڭمۇ تاماشا ئۈچۈن.
سەن بارغان مەكتەپتە مەنمۇ ئوقۇغان،
ئەجەبكى قىلغىنى سېنى بەك يوچۇن.

ۋاپاڭنى گۈلىنى سەن قىلدىڭ خاراب،
ئەخلەت ھەم چاۋا دەپ بىلدىڭ سەن بىراق.
سۆيگۈدىن، ۋىسالدىن ئېغىز ئېچىش تەس،
كۆڭۈللەر ئازابتا بولدىغۇ يىراق.

# ئىككى شېئىر

## ئۇنتۇش

**پەرھات باھايدىن**

ئۇنتۇپ كەتكىن مېنى ئەبەدىي،
يوللىرىمغا باقما ھەسرەتتە.
كەچمىشلەرگە يېپىلسۇن كېپەن،
ياشايلى بىز مەڭگۈ ئۈمىدتە.

ئۇنتۇپ كەتكىن مېنى ئەبەدىي،
ھەسرەتلەردىن خالاس بولسۇن دىل.
نۇرلۇق ئىقبال چاقىرار بىزنى،
ئالۋۇن كەبى قىلغانچە ۋىل-ۋىل.

ئۇنتۇپ كەتكىن مېنى ئەبەدىي،
«خوش قال، گۈلۈم ئەمدى خەير-خوش».
ياشاپ ئۆتسەك كۈلۈپ دۇنيادا،
بۇيۈك بولار بىزگە بۇ ئۇنتۇش.

## بۇ دۇنيادا پەقەت مېنىڭسەن

توسسا ئەگەر چاقماق يولۇڭنى،
يۈرىكىمنى قىلاي پايانداز.
پەيلىرىڭنى قوياي مەن تاراپ،
ئەيلە ھەردەم يۈكسەكتە پەرۋاز.

دۇنيا ساڭا كۈلۈپ باقمىسا،
مەن كۆرسىتەي ئىللىق خۇشجامال.
چاك-چاك باغرىڭ قانسۇن، يايرىسۇن،
تومۇزلاردا بولاي شوخ شامال.

قەلبىم ساڭا ئۇتاشقان دىلبەر،
بۇ دۇنيادا پەقەت مېنىڭسەن.
مۇھەببەتكە جېنىم تەسەددۇق،
ياشنار ھايات مۇھەببەت بىلەن.

# يىراق خىلۋەت سەھرادا ئانام

ئۈمىد تەۋەللۇت

يىراق خىلۋەت سەھرادا ئانام
مەن شەھەردە ياشايمەن ئەمما.
مېنىڭ ئانام
ئۆمرى ئېتىز ئىچىدە ئۆتكەن
ناھىيە بازىرىنى كۆرمىگەن ھەتتا.
جېنىم ئانا
سېنى ھەجىگە ئاپارمىسامۇ
مەندىن رازى بولاتتىڭ قەۋەت
ئۆز شەھىرىمنى كۆرسەتسەم پەقەت
ئىدارەمدىن سورىدۇم رۇخسەت.
ئۆز يېنىمغا
ھاپاش قىلىپ ئەكىلەي سېنى
مەن بارغىچە تۇرغىن سالامەت!



# شېئىرلار

## ئابدۇرېشىت ئېلى

### ئالدىراش

سەن كۆرگەن شۇ ئۆيدە مەن ھامان،
تۆكۈلمەن شېخىمدىن يەرگە.
كەلگىنىڭنى بوسۇغام تامان،
سۆزلەر سۈكۈت ئىشىكتە، ئەنە...

قىسسە پۈتەر شېرىن خىياللار،
سەن چاقنايسەن يىراق بىر جايدا.
تۇرساقمۇ گەر ئىككىمىز ماڭماي،
ئالدىرايدۇ سائەتلەر تامدا.

### بەلكىم

كۆرگەندىمەن سېنى يىراقتا،
شۇندىن بۇيان ماڭغاندۇرمەن ھەم.
ئۇچرىغاندۇر يولدا ئىزلىرىڭ
بەرگەندۇرمەن تۇنجى رەت قەسەم.
بىرگە ئۆتكەن دوستلار دېگەندۇ:
— توختا...توختا...

...ئەي چۈش ئەلۋىدا.
قايتىش نېمە؟
ئۇنتۇلغان ھەمدە
تەكرارلىنار ئۆتمۈش ئالدىدا...

مەڭگۈلۈكتۇر بەلكىم ئۇ دۇنيا...

## يەرداز سىز شېئىر

### مەڭلىك كېرەم

دۇنيا ئاچار چەكسىز نىقابنى،
ئامرىقنىڭ ئالدىدا شەكسىز.

*　*

تەشنا ئىدى پايانسىز قۇملۇق،
بىر تال
يېشىل چۆپنىڭ مۆھەببىتىگە.

*　*

قۇياش
تەلۋىلەرچە قوغلاپ كېلەر
ياز بۇلۇتىنى.

*　*

بىز خاتا تونۇپ دۇنيانى پەقەت
ئالدامچى دەپ يۈرىمىز دائىم.

*　*

سەن
ساقلاپ كەلدىڭ مېنى ھەر ۋاقىت،
ئاجىز ئارزۇلار ئىچىدىن.

*　*

ئېتىقادتىن كۈلگەن ئەقىدەم
قانات كېرىپ قوپال قۇش كەبى
ئۇچۇپ كەتتى دېڭىزغا قاراپ.

*　*

يۈرىكىم كۆزۈڭدىن تاپتى ئاسماننى
كۆكسۈڭدىن لېۋىمگە ئاقتى بىر
چاقماق.

*　*

يۈرىكىمگە ئۇلىشىپ تىترەك
بولۇۋالدىم قىپيالىڭاچ.

# تام سائىتى

ئابدۇكېرىم ھاپىز

تام سائىتى ئىچىدىن
ھەممە نەرسە چىقماقتا بىر-
بىر...
يوپۇرماقتەك تىترەڭگۈ ئۈمىد.
ساقاللىرى ئاقارغان ئۆلۈم،
ئىھ، چىقمىدى كۈتتۈم تالاي يىل
مەن سېغىنغان گۈزەل سىنتە بىر...

ۋاقىت
يېنىك دەسسەپ سۆكۈتلىرىمگە
قايتماقتا ئۆزىگە ئاستا...
ئۆز-ئۆزۈمگە قايتاي دېسەمۇ
قايتالمىدىم ئۆزۈمگە ئەمما...

ۋاقىت
ئوخشاپ گويا بىر تال سازاڭغا
ئۈمۈلمەكتە يۈرەك قېتىمدا...

ۋاقىت
مەست قۇياشنى بېسىپ ھارۋىغا
كېتىپ بارار تاغ ئارقىسىغا...

ۋاقىت
كونىرىغان تام سائىتىدىن
ئەگىز سۈيدەك تامچىلىماقتا.
قەلبىمدىكى گۈزەل سىنتە بىر
يوقالماقتا ئايلىنىپ پارغا...

ئىھ، مەنىسىز سادا ئاشقلىق
بەلكىم خاتا تۇغۇلدۇم سەندىن.
شۇڭا زەردەك ۋاللىداپ تۇرغان
ساداقەتنى كۆرمىدىم سەندىن.

# ئاداققى ئارمان

مېھرىگۈل ئابدۇخالىق

خوش دېدىم قايرىلىپ ھالسىز شىۋىرلاپ،
خوش دېدىڭ، ئۈزىدىڭ ئاستا ۋە ئاستا.
جىلۋىدار كەچمىشلەر كەتتى يىراقلاپ،
كۆڭۈلدە قالدى ئىز، قالدى مۇڭ ئەمما.

ئۆتمۈشنىڭ زىلتارى ياڭرىسا مۇڭلۇق،
پىنھانە روجەكلەر ئېچىلار قايتا.
خازانلىق يوللارغا كۆمۈلگەن ئىزلار،
قالدۇ تېڭىرقاپ بەلكى تۇماندا.

كۆزۈمدە كۆزۈڭدە پارلىغان قۇياش،
ھەسرەتلىك كۆز ياشقا قالدى چىلىنىپ
روھىمدا ئاداققى ئارمان شولىسى،
خوش دېگەن ساداغا قالدى ئىلىنىپ.

# يۇلتۇزلاردىن سورايمەن

ئابدۇۋايىت مۇلجەرى

بىر كۆلكە بار قەلبىمدە پىنھان،
كۆلگىنىم يوق تېخى ھېچقاچان.
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە تىرەن،
سۆيگۈنۈم يوق چېكمەن پىغان.

بىر ناخشا بار شۇنچىلىك مۇڭلۇق،
ئېيتالمىدىم، ئېيتىپ باقمىغان.
بىر تىلەك بار قەلبىمدە چوغدەك،
يانغۇسى بار تېخى يانمىغان...

بىر ئۈمۈد بار قەلبىمدە ئەمما،
تىكىلمەن ئۈپۈققا ئويچان.
كۆكتە يۇلتۇز سورايدۇ مەندىن،
قېنىپ-قېنىپ كۈلەرسەن قاچان؟

## ئىككى شېئىر

تۆيغۇنجان ئابدۇللا

### ۋىسال جىلۋىسى

ياپراقلاردىن ئەكچىپ يېشىللىق،
ئاڭلانغاندا چېچەك ئۆكسىشى.
قەدىمكى يولنى يېتىلەپ
شاملىڭنىڭ كەلدى تىۋىشى.

ئۈمىدلىرىم چاقىندى بىردىن،
زارىقىشقا تولدى ھەممە
يەر.

كۆيلىرىمدىن ياشلاندى بارخان،
بۇركۇتلىرىم راسلىماقتا پەر.

كىشنىمەكتە چىلانتورۇقۇم،
بەلكى ھىدىڭ پۇرىغان چېغى.
ئېخ! ئامرىقىم يېقىنلا يەردە،
مەن زارىققان ئاشۇ دەقىقىنىڭ
كۆرۈنمەكتە ئالتۇن شولىسى.

### ئېيتىپ بەرگىن سۆيۈملۈك بوۋا

بىر ناخشا بار تولىمۇ غوۋا —
ئەسلىمەمدە ئىسمى نېمىدى؟
ئېيتىپ بەرگىن سۆيۈملۈك بوۋا،
ئۇنى دەسلەپ ئېيتقان كىم
ئىدى؟

چىراغ ئۆچۈپ قالمىغان كۈلبە،
مېنى ساقلاپ تۇرغىلى نېكەم.

دۇتارىڭنى بېرىپ تۇرغىنا،
چېلىپ بېرەي ئۇلارغا بىر دەم.

پەدىلەرنى قانداق باساتتىڭ،
ئاھ، نېمانچە كەتتىم ھودۇقۇپ.
ئېيتىپ بەرگىن سۆيۈملۈك بوۋا،
ئۇن سەككىزگە كىرگەن بۇ كۈنى
مەن كىملەرگە قالدىم ئوخشۇشۇپ.



# شېئىرلار

سەمەت ئابدۇراخمان

## كېپىنەك

ئەسلىدە
قۇرت ئىدىڭ بىر تال
ئۆمىلەپ يۈرگەن.
گۈل توزىغاندا
ئۈستۈڭگە چۈشكەن ئىككى تال بەرگ
قانات بولۇپ قالغان ساڭا.

## ئۇچار گىلەم

قالدىڭ ئىلىنىپ
ئۇچىغا
مېنى تۇغقان دەرەخنىڭ.
ئۇچۇرمايدىغۇ شاخلار سېنى
گويا ئاسمان سېنىڭ ئەمەس-
تەك.

## يەسىل قۇشلىرى

كۆزۈم
ئىسسىق جاي قىش كەلمەي-
دىغان،
بىلىۋېلىپ بۇنى پەسىل قۇشلىرى
ئۇۋا ياسىدى كۆزۈمدە
كۆچۈپ كېلىپ.



## قانائەت

ئۆمەرجان ئوبۇل

لوم تۆمۈردەك ئېغىر بەك ئېغىر،
نەگە چۈشسەڭ ئورنۇڭ سېنىڭكى.
ئىنسانلارنىڭ سېنى بوۋاقتەك
ئەللەيلىشى بەختىڭ سېنىڭكى.
شۇڭا ئەقىل تېپىپ ئىنسانلار
كۆزۈڭنى تېڭىپ
بېلىڭنى باغلاپ،
كېتىپ قالدى
دېيىش ئۈچۈن ھەممە مېنىڭكى.

# گۆركار

**ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم (سەمەندەر)**

ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي بوشقىنە ئىڭرايتتى. ھەر قېتىم تولغانغاندا بولسا ئۆزى جىگدە، توغراق ياغاچلىرىدا ياسىۋالغان، بىر ئادەم ئارانلا پاتقۇدەك كارىۋىتى ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابلىرىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىۋاتقاندەك بىرخىل رىتىمدا غىچىرلاپ بۇ ئۆيدە ھاياتلىقتىن نام-نىشانىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئۆيىنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق. كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان بىر كارىۋات، ھۆتمە، تۆشۈك بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز، ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن پاختىسى چىقىپ قالغان بىر يوتقان، بىر كۆرپە ۋە ياستۇق ئورنىدا بېشىغا قويۇلغان تېرە جۇۋىدىن باشقا قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر دانە چۆگۈن، گىرۋىكى پۇچۇق ساپال قاچا ۋە بىرنەچچە كەتمەن-گۈرجەك دېگەندەك نەرسىلەر... ئۆمۈچۈك تور باغلاپ ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇستىكى بادىرىغا سىم بىلەن ئېسىپ قويغان ئەينىكى يوق كونا پەنەر ئۆي ئىچىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يورۇتۇپ تۇراتتى.

مانا بۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىققان مال-مۈلكى — بىردىنبىر تەئەللۇقاتى ئىدى.

ئۇنىڭ گۆردىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئۆيى قەدىمكى زاراتكاھلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. ئۇ بۇ زاراتكاھلىقنىڭ گۆركارى ھەم خوجايىنى ئىدى. بۇ يەردە گۆركارلىق قىلىۋاتقىنىغا توپتوغرا قىرىق ئۈچ يىل بولدى. ئۇ ئانىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. چۈنكى ئانىسى ئۇنى دۇنياغا تەۋەللۇت قىلىپلا ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقانىدى. ئۇ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلىپ دادا مېھرىدە چوڭ بولدى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ گۆركار ئىدى. ئۇلار تۇرمۇشنى مېيىتلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەق ئېلىپ قامدايتتى. ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىنى گۆر كولاۋاتقاندا ياما بېسىۋېلىپ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ شۇندىن باشلاپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئاتا مىراسى بولغان گۆركارلىقنى قىلىشقا باشلىدى. مانا ھازىر بىر كەم ئاتمىش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئۇ ئۆمرىدە بىرەر ئايال جىنسلىقنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باققان بەندە ئەمەس. ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ چىرايى بەكلا تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تەمبەل ئىدى. ھەتتا كۈچىمەيلا گۆرمۇ قازغانىدى. مانا ئەمدى بىتاب بولۇپ قالغىلى بىرنەچچە كۈن بولۇۋىدى، پۈتۈن ماغدۇرىدىن كەتتى. ئاغزىغا گىيا سالمىغىلى ئىككى كۈندىن ئاشتى.

ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى ئەستە ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئاۋۇ تورۇستىكى پەنەر چىراغ، گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتكەن ساپال ھىجىرلار ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەتىۋارلىق نەرسىلىرى ئىدى. مانا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بىر ئۆمۈر قامداپ، جېنىنى جان ئېتىشتىكى بىردىنبىر دەسمايىسى بولغان كەتمەن-گۈرجەكلەر. ئۇ ھازىرغىچە قانچىلىك گۆر قازغاندۇ؟ ئۇ قازغان گۆرلىرىنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم ئاشۇ گۆرلەردە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان نەچچە يۈزلىگەن جەسەتلەر

مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندۇ ! سايمانلارنىڭ ئەگرى-بۈگرى توغراق ياغاچلىرىدىن ياسالغان ساپلىرى تولا تۇتۇۋەرگەچكە پارقىراپ ئەينەك-تەك سىلىقلىشىپ كەتكەندى. بىسلىرى بولسا تولا ئىشلىتىلگەنلىكتىن كۈمۈشتەك پارقىراپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئاشۇ سايمانلارنى بىر ئىشلىتىۋالغۇسى، ھېچبولمىغاندا بىر قېتىمدىن تۇتۇپ باققۇسى كېلەتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ئورنىدىن قوزغالغۇدەك مادار نەدە؟

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئوي كېلىپ قالدى: «مەن ئالمادىس كۆز يۇمسام مېنىڭ گۆرۈمنى كىم قازار...» ئۇ شۇلارنى ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى ئۆكۈنەتتى. ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى: «نېمىشقا بىرنەچچە گۆرنى ئارتۇق قېزىپ قويمىغاندىمەن؟ ياكى مەن ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمىسام» . ئۇنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. كۆزلىرىدىن بولسا پۇشايمان يېشى سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. «گۆر-گۆر-گۆر...مېنىڭ گۆرۈمنى كىم قېزىپ، كىم يەرلىكمە قويار؟ ياكى ...» ئۇ پىچىرلايتتى. ئاۋازى شۇنچە-لىك بوش ھەم زەئىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ تىنىقى بارا-بارا پەسلەپ كەتتى. يېنىدا بولسا ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولغان كۆك ئاسلان تۆگۈلگىنىچە شېرىن ئويقۇسىنى باشلىۋەتكەندى.

# ئېچىرقاش

### ئەنۋەر مۇھەممەت

لېفىت قوزغالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ سەل-پەل ئېغىپ بەدىنى شۈركەندى. لېفىت تېخى پەسكە چۈشمەستىنلا ئىچىدىكى قىزىل چىراغ تۆت رەقەمنى يورۇتتى. ئىشىك خۇددى ئۇ كىچىك چاغلاردا ئۇقۇغان چۆچەكلەردىكى «يېرىلىك تېشىم» غا ئوخشاش ئىككى يانغا ئۆزلۈكىدىن تارتىلىپ، ئارقىدىنلا ئالپىتە كىيىنگەن چىرايلىق بىر قىز كىرىپ كەلدى. لېفىت ئىچى مەستخۇشلۇققا چۆمدى. ئۇ بۇنىڭغا باشقا بىر يات پۇراقنىڭ ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى تىلىدى. دېگەندەك قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى بىر ئادەم كىرمىدى، ئىشىك بەكمۇ سىلىق كىرىشىپ يېپىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە يايراپ كەتتى. «ئۇھ» دەپ ئېغىزىدىن ئىسسىق ھور چىقىرىۋەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئارقىسىدىكى ئەينەكتىن قىزنىڭ ئەكسىنى كۆردى. ئۇنىڭ چاچلىرى قارا (بەلكىم بويىغاندۇ)، كۆزىمۇ، كۆڭلىكىمۇ، سومكىسىمۇ قارا، لېۋى ياقۇتتەك (بويىغانلىقى ئېنىق)، قېشى ئىنچىكە، يۈزى ئاق ئىدى. سومكا بېغىنى ئىككى قولىدا تەكەببۇرانە تۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ قىزنىڭمۇ ئەينەككە قاراشقا ئەمشلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزىنى دەرھال قاچۇردى-دە، قىزنىڭ كۆكسىگە تىكىلدى. ئارقىدىنلا نەزەرى پەسلەپ ئۇنىڭ قارا كۆڭلەك يېپىپ تۇرغان ۋە قارا پايپاق تارتىلغان پاچاقلىرىغا، ئاندىن بىر جۈپ ئېگىز پاشنىلىق قارا ئايىغىغا كېلىپ توختىدى. يادىغا ھەرخىل سۈرەتلەر كېلىپ تىزىلدى. ئۇلارغا جان كىردى، مېڭە تەكتىدە قىمىرلىدى. بېشى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. چۆمۈلە، توغرا چۆمۈلە

! چۈمۈلىنىڭ بېشى يۇمۇلاق، بېلى ئىنچىكە، قالغان يېرى ئۆز لايىقىدا تومراق، يوغانراق بولىدۇ. قىزنىڭ پۈتۈن تۇرقى-قىياپىتى ئاشۇ چۈمۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىچىك، ئەۋرىشىم، بىراق كۈچلۈك، قورام تاشتەك يۈرەكلەرنى يەلكىسىگە ئېلىپ ئۆز ئارامگاھىغا بىمالال سۆرەپ كېتەلەيدۇ...

ئۇنىڭ كۆزى قىزنىڭ كۆزى بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. سۈرمە سۈرۈۋالغان بادام قاپاق، قايرىما كىرپىك ئاستىدىن كۈچلۈك بىر نۇر ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ كۆزىنى خىرە-لەشتۈردى. مۇز چوكىسىدەك بۇرۇن ئاستىدىكى ئاتەش لەۋلەر چوغدەك يېلىنجاپ ئۇنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، نەپەسلىرىنى سىقتى. ئۇ تاقەت قىلغىدەك مادارىنىڭ قالمىغانلىقىنى سېزىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالماقچى بولدى. بىراق خىيالى ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى، كۆزى قىزغا بىرخىل ئىلتىجا نەزىرىدە داۋاملىق تىكىلىپ تۇرۇۋەردى. ئېڭىدا گۈزەل بىر نەرسە پەيدا بولدى. خىيالى شۇنى ئاختۇرۇپ تاپتى، تەسەۋۋۇرى ئالەمچە كېڭىيىپ جەننەتتەك نۇرانە تۈس ئالدى: قىز قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇ يېقىنلاپ باردى، قىزنىڭ يەلكىسىنى چاچلىرى بىلەن قاماللاپ تۇتتى، يۈرەكتىن ئىسسىق ئۆتۈپ چاك-چاك يېرىلىپ كېتىۋاتقان لىۋى شەربەتتىن مەلھەم تاپتى. سۇسىز قۇمدا جان ھەلقۇمدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ پىلتىڭلاۋاتقان بېلىقتەك نىمجان يۈرىكى تەشنالىقتا قاندى. كۆك دېڭىز ئۇنىڭغا كەڭرى قۇچىقىنى ئاچتى. دۇنيا شۇ قەدەر چەكسىز، گۈزەل ۋە بىپايان ئىدى...

دەل شۇ پەيتتە لىفت توختىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. قىز چاچلىرىنى سىلكىپ قويۇپ، بەدەنلىرىنى يىلاندەك تولغاپ، چۈمۈلىدەك كىچىكلەپ ئاخىرى كۆزدىن غايىب بولدى.

## ساۋاقدىشىم

**ئالىمجان ياسىن**

كۈگۈم ۋاقتى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىدىم. تويۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىكتە ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل، شاپ بۇرۇت، ئوتتۇرا بوي بىر كىشى تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز غۇلام ئەپەندى؟

— ياخشىمۇسىز؟ بۇ ناتونۇش مېھماننى دەماللىققا تونۇيالمىغان بولساممۇ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۆيگە باشلىدىم. بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇشتۇق. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ پ ناھىيىسىدىن كەلگەنلىكى-نى، ئىسمىنىڭ ئەكبەر ئىكەنلىكىنى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىكەنلىكىنى، سودا ئىشى بىلەن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، يۇرتىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەچ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتمەكچى بولغانلىقىنى قىسقىلا ئېيتىپ ئۆتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم

ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمىدىم. بەلكىم شۇنداقتۇر. ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ساۋاقداشلىرىمۇ بىرنەچچە يۇزگە يېتىدىغان تۇرسا، شۇڭىمۇ بەلكىم تونۇيالمىغاندىمەن. خىياللاردىن ئۆزۈمنى يىغىپ پىيالىگە چاي قۇيدۇم. ئىشقىلىپ بىر يۇرت ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ساۋاقدىشىم ئىكەن، ھەرنېمە بولسا ئىزدەپ كىرىپتۇ. مېھمان قىلىپ قويغۇم كەلدى. ئۆيدە بۈگۈن ئايالىم بولمىغاچقا سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭغا بىرەر تال تاماكا چەككەش ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى، ھازىرلا كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ كوچىغا چىقتىم. پىششىق توخۇ گۆشى، ئون نەچچە تال تۇخۇم، بىر بوتۇلكا ھاراق سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتىپ كىردىم. ئەپسۇس، ئۆيگە كىرسەم ئۇ مېھمان كۆرۈنمەيتتى. تېلېۋىزورمۇ ئۆچۈرۈۋېتىلمىگەن، بىرئاز كۈتتۇم. ئۇ كىرمىدى. تۇيۇقسىز شىرە ئۇستىدىكى ئالقانچىلىك قەغەزگە كۆزۈم چۈشتى.

« غۇلام ئەپەندى، ئارتۇقچە تەشۋىشلەنمەڭ. ئىسىم-ئادرېسلىرىڭىزنى بىلىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئازراق بولسىمۇ بىرەر نەرسىلەر ئۈچۈن سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كىرگەنىدىم. ئاق يوللۇق مېھمان ئىكەنمەن. قەلبىمدىكىدەك كۈتتىڭىز، ئىشكاپىڭىزدىكى ئازغىنە پۇلىڭىزنىلا ئالدىم. خەير-خوش! »

خەتنى ئوقۇپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. دەرھال ئىشكاپقا قارىدىم. نېمە ئۈچۈن قۇلۇپ سالمىغان بولغىيتتىم. تۆت مىڭ يۈەن...

ئاھ! ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئاران تېجەپ يىغقان پۇلىمىز...

شۇندىلا ساۋاقدىشىم ھەم يۇرتلۇقۇم قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ كىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

## قول سائەت

### ئالتۇنگۈل رەجەپ

رەڭلىك ئېكراندىكى ئالا-بۇلماچ كىيىم كىيگەن چاڭغا تېيىلىش ماھىرى قار داۋانلىرىدا قاڭقىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا لىپىلداپ سەكرىگىلى تۇردى.

كاماندۇرۇپكىدىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن قادىر تېلېۋىزور ئانتىناسىنى تەڭشەش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ تېلېۋىزورنىڭ كەينىگە قارىدى. لېكىن ئويلىمىغاندا ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان بىر ئەرەنچە سائەتكە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئالدىراپ سائەتنى قولىغا ئېلىپ قارىدى-دە، خىرەلەشكەن قارىچۇقىدا رابىيەنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالغان قارىمۇتۇق، چوپۇرلۇق بىلەكتە مۇشۇ لەنتى سائەتنىڭ چىكىلداپ مېڭىۋاتقانلىقى... ئەكس ئەتكەندەك بولدى.

قادىرنىڭ قولىدىكى سائەت يېنىك
تىترەيتتى. تىترەك بىردەمدىلا ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنىگە تارىدى-دە، چىشلىرى كىرىشىپ،
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— رابىيە! ھەي رابىيە!

— مانا مەن، نېمانداق قاتتىق ۋارقىرايدى-
لا ئادەمنى چۆچۈتۈپ،— دېگىنىچە ئاشخانا
ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىۋاتقان رابىيە ھۆل
قوللىرىنى پەشتامىسىگە سۈرتۈپ، ئېرىگە
قاراپ سۈس جىلمايدى. جىلمايدى-يۇ،
ئېرىنىڭ سۆرۈن تەلەتىنى كۆرۈپ قانداقتۇر
بىر ۋەھىمىدىن قورقۇپ كەتتى.

— قېنى جاۋاب بەرگىنە، بۇ نېمە؟
كىمنىڭ؟

رابىيە بېشى ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان
قول سائىتىگە قاراپ بىرپەس تېڭىرقاپ
قالدى-يۇ، دەرھال ئىزاھات بەردى.

— سائەت ئىكەنغۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ سائىتى،—
دېدى رابىيە تەمكىنلىك بىلەن.

— مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ سائىتىنى
تونۇيالمىغىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم.
راستىڭنى ئېيت! ئۆيدە كىمنى قوندۇردۇڭ؟
ھۇ شەرمەندە،— دەپ ۋارقىرىدى قادىر.

— نېمە دېدىلە، ئېغىزلىرىنى چايقاپ
گەپ قىلسىلا، مەن ئالدىلىرىدا يەرگە
قاراپ قالغۇدەك ئىش قىلمىدىم. بۇ گەپ
ئېغىزلىرىدىن قانداق چىقتى... — دېدى
رابىيە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ.

— كۆزۈمنىڭ يۇندىسىنى ئىچمىسام ماڭا
ئىشىنىدۇ دەپ قالما. ئىش چىڭىغا چىقسا
مۇشۇنداق قىلىدىغان سېنىڭ ئادىتىڭغۇ.
چاپسان ئېيت، زادى كىمنىڭ؟ ھۇ بۇ-
زۇق... — دېدى قادىر ئاغزىنى بۇزۇپ
دېۋەيلىدى.

رابىيە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى
ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن
سەسكەندى، يىرگەندى.

— قادىر مېنى بىكاردىن-بىكار ئەيىبلىمىسى-
لە، بەلكىم بالا تالادىن تېپىۋالغاندۇ،
بالىدىن سوراپ باقايلى،— دېدى رابىيە
ئىشەنچ بىلەن.

— ۋەلى بالام، قېنى سەن؟

— مانا مەن ئاپا،— ئويۇنچۇق تاپانچا
كۆتۈرۈپ ئويناپ، تاقلاپ كىرگەن ۋەلى
ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭۈلسىز كەيپىياتىنى كۆرۈپ
جىمىپ قالدى.

— جېنىم بالام، يالغان سۆزلىگەن
ئادەمنىڭ بۇرنى ئۈزۈلۈپ قالىدىغۇ، راستىڭنى
ئېيت، ئاۋۇ سائەتنى سەن تېپىۋالغانمۇ؟

— ياق ئاپا، مەن سائەت تېپىۋالمى-
دىم.

— ئاپئاق بالام، راستىڭنى دە!

— راست ئاپا، مۇئەللىممۇ بىزگە يالغان
سۆزلىمەڭلار دېگەن تۇرسا.

«چاك» قىلىپ تەگكەن بىر شاپىلاقتىن
رابىيەنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقنىدى. ئۇنىڭ
مەڭزى قولاقلىرىغىچە ئوتتا كۆيگەندەك
ئېچىشىپ كەتتى.

— ئۆيدىن چىق بۇزۇق! ئۈستۈڭدىن
چۈشسەم بولاتتىمۇ ئەمدى؟ يەنە نېمىگە
قاراپ تۇرىسەن؟ دەرھال كۆزۈمدىن
يوقال!

ئوچۇق ئاسماندا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ
چاقماق چېقىۋاتقاندەك دەھشەت بىلەن
ياڭرىغان بۇ ئاۋاز رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى
لەرزىگە سالدى. رابىيە ئۆز قۇلىقىغا
ئىشەنمەيلا قالدى. قۇلاقلىرىدىن مېڭە
قەسرىگە بۆسۈپ كىرگەن بۇ سادادىن
ئۇنىڭ قەلبى سەسكەندى. كۆز ئالدىدىكى
ئالەم خىرەلەشتى.

— ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا قادىر! خۇدا ھەققى، مەن ئەسكى ئىش قىلمىدىم. ماڭا ئىشەنسىلە... — رابىيە بۇقۇلداپ يىغلىدى.

— نېمە؟ ساڭا ئىشىنەمدىم؟ ھەممە ئىش ئايدىڭ تۇرسا، يەنە ساڭا ئىشىنەمدىم؟ تۇۋا، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟!

— بۇنداق قىلمىسىلا قادىر، بالىغا ئۇۋال بولىدۇ.

رابىيەنىڭ ۋۇجۇدى چىداپ بولالماس يىرگىنىشلىك بىر تۇيغۇدىن سەسكەندى، ئۇ ئەمدى گويا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك ئالدىراپ پەشتامىسىنى يەشتى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ئاپا، مەنمۇ كېتىمەن.

— نېمە، سەنمۇ كېتەمسەن؟ بوپتۇ، سەنمۇ كەت! ھەممىڭ كېتىش... — دېدى قادىر. ئۇ بېشىنى قاماللىغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يىغلىماقچى بولدى-يۇ، ئەمما يىغلى-يالمىدى.

* *

ئىش ئۇستىلىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. قادىر قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن تېلېفونغا چەكچىيىپ قارىدى-دە، زەردە بىلەن تۇرۇپكىنى ئالدى.

— ۋەي، مەن قادىر، سىز كىم؟

-...— تۇرۇپكىدىن ئېلىقىپ كۈلگەن بىر ئايالنىڭ نازلىق كۈلكىسىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى.

— ۋەي، ۋەي! ئادەمنى تولا جىلە قىلماي گەپ قىلىڭە، سىز كىم؟

— ۋەي، مەن زۆھرە، نېمانداق توك تېگىلا ئەتكەندە؟

— ھە، زۆھرەمۇ سىز، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ تېلېفون ئۇرۇپسىزغۇ؟

— كېچىدىن سىلىنى چۈشەپ قاپتىمەن، شۇڭا تېلېفون ئۇرۇپ باقاي دەپ...

— قانداق چۈشەپ قاپسىز؟ قادىر ئورنىدا ئىختىيارسىز قىمىراپ كەتتى، لەۋلىرىنى ئۈمەنلەپ تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىدى.

—ھى...ھى... شۇنىمۇ سوراۋاتقىنىنى قېلىنىنىڭ، ھازىر دېمەيمەن، ئەسكى...

— قاچان دەيسىز ئەمسە؟

— دىدارلاشقاندا.

قادىرنىڭ قوشۇمىسىدىكى سىزىقچىلار نەلەرگىدۇ يوقالغانىدى.

— ھە، راست، باغ چىرايلىقمىكەن؟ دەل كەلدىمۇ؟ سىلىگە يارىدىمۇ قادىر؟

— قايسى، قايسى باغنى دەيسىز زۆھرە؟

— دېمىدىمىمۇ، سىلى راستىنلا بىپەرۋا، ھاڭۋاقتىكەنلا، ھېلىقى كۈنى باغۇ، سائەتلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپلا. ھېلىمۇ ياخشى بىزنىڭ باللارغا ئۇچراپ قالماپتۇ. ئەتىگىنى ئۆيلەرنى تازىلاۋېتىپ كارىۋات ئاستىدىن تېپىۋالدىم. قارىسام بېغى ئۈزۈلۈپ، ئەينەكلىرى چۇل-چۇل سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇنىمۇ تۇيماپتۇق.

قادىر سائەتنىڭ گېپى چىقىش بىلەن تەڭ جىددىيلەشكىنىدىن ئىتتىكلا سورىدى.

— ئۇ سائەت قېنى؟

— نېمە ئالدىراپلا، ھازىر دەپ بېرىمەن. سىلى بىلەن كۆرۈشكىچە سائەتلىرىنى ساقلاۋېرىشتىن ئەنسىرىدىم. ئۆتكەن يىلى قىشتا سېرىق تاشلىق جۇۋىلىرىنىڭ تۈگمىسى ئۆيدە ئۈزۈلۈپ قېلىپ نېمە كۈننى كۆرمىدىم. ئۆيلىرىدىكى لۈمشۈكنىڭغۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلغۇچىلىكى يوق. لېكىن ئەتە-ئۆگۈن ئىچىدە ماي پۇراپ تۇرىدىغان زەڭگى قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا مىلىك تەستە يېڭى باغدىن بىرنى

ئالماشتۇردۇم. بۇ يىل مودا بولغان يىشىل رەڭلىك فوسفورلۇق قارتنى ئالماشتۇردۇم. كەچ-كېچىلىرى سەرەڭگە يېقىپ ئاۋارە بولمايدىلا ئەمدى. يەنە كۆزنىكىنمۇ ئالماشتۇرۇپ قويدۇم تېخى. ئاندىن مەھەللىلىرىدە ئىمسقىلاپ يۈرۈپ ئېپىي كەلگەندە ئۇيناپ يۈرگەن ئوغۇللىرىنىڭ دوستىدىن بىرنى پۇل بېرىپ ئىندەككە كەلتۈرۈپ سائەتلىرىنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈۋەتتىم. مەن ئۇ شۇمنى بۇ مەخپىيەتلىكنى چىك ساقلىمساق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلىك تۇتۇلۇپ قالىدۇ، دەپ تازا قورقۇتۇپ قويدۇم دېسلە. ئۇ ماڭا ۋەدە بەردى. سائەتلىرىنى تېلېۋىزورلىرىنىڭ كەينىگە قويۇپ قويۇپتىمەك. قانداق سەلى...

قادىرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يەر-زېمىن چاقپەلەكتەك چۆگىلەپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى تۈرۈپكىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ۋەي... قادىر...

# كۆتۈش

## ئەختەرنىسا غوپۇر

— ساق-سالامەت بولساق كېلەر يىلى كۆرۈشەيلى! ...

— كېلەر يىلى كېلەمسىز؟

— ھەئە. چوقۇم سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن. ئۇنىڭغىچە خەت يېزىدە بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرايلى، بولامدۇ؟— سورىدى يىگىت.

— سىزلا خەت يازسىڭىز مەن جېنىم بىلەن يازىمەن دەڭا،— قىزنىڭ كۆزلىرىدە سىماپتەك ياشلار لىغىلداپ تۇراتتى.

— يىغلىماڭ خالىدە، مېنىڭ خېتىمنى كۈتۈڭ، بولامدۇ؟ ...

— ماقۇل. خوش ئەمسە، ئامان بولۇڭ،— قىزنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاپتوبۇس سىگنال ئۇردى. يىگىت قىزغا ئامانلىق تىلەپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇس قوزغالدى. قىز كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە يۈگۈردى. بىراق ئاپتوبۇس قىزنى توپا-تۇمان ئارىسىدا قالدۇرۇپ غايىب بولدى. قىزنىڭ يۈرىكى ھىجراندا ئۆرتىنەتتى.

قىزنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئىزتىراپلىق، ئۈمىد ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. مۆلچەرلىگەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى پوچتالىيوننىڭ يوللىرىغا تەشنا ئىدى. ھەتتا ئۇ بىرقانچە قېتىم سوراۋشتۇرۇۋېدى، خەت يوق، بولۇپ چىقتى. ھامان خەت كېلىدىغۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. ھەتتا يىگىت دەپ بەرگەن ئادرېس بويىچە خەتمۇ يازدى. بىراق خەتنىڭ ئىزىمۇ، جاۋابىمۇ يوق ئىدى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. قىز جۇدەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. مۇشۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا قىزغا كۆيۈپ، پىشىپ ئۇنىڭ ئۇتىدا سەكپارە بولۇپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. بىراق قىزنىڭ كۆڭۈل رىشتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەرسى بىلەن باغلانماي ئاشۇ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ تونۇشۇپ قالغان ياقا يۇرتلۇق يىگىتنىڭ يۈرىكىگە باغلانغانىدى. قىز يىگىتنى ئىنتىزارلىق ۋە ئۈمىد ئىلكىدە كۈتەتتى. قاچانغىچە مۇشۇنداق سەۋرلىك بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

# ئاي يۇتكەن كېچە

(ھېكايە)

**ئۆمەر قادىر**

(1)

قۇياش زېمىنغا كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى تۆكۈپ، دەرەخ ياپراقلىرى ۋە ئوت-چۆپلەرنى سولاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئاپتاپنىڭ كۈچلۈك تەپتىدە تەبىئەت گويا ئۆلۈكتەك جىمجىتلىق ئىچىدە ياتاتتى. پەقەت كۆپكۆك ئاسمان بوشلۇقىدىن پارچە-پارچە ئاق بۇلۇتلار ئاستا ئۈزۈپ ئۆتەتتى. رىشات بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ توپىلىق يولدا كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى تۇساتتىن توختاپ قالدى. چۈنكى ئالدىدىكى دەرەخقە يۆلەنگىنىچە يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان بىر ئايالنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى.

ئون يىل، نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىش! ...

ئون يىل ئىلگىرى ھاياجان بىلەن ئۇچراش-قان كۆزلەر، بىر-بىرىگە كىرىشكەن بارماقلار، ئۇزاقىچە جۇپلەشكەن ئىسسىق لەۋلەر، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سوققان يۈرەكلەر... ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلمەكتە. ئەينى ۋاقىتتا قىلىشقان يالقۇنلۇق قەسەملەرمۇ رىشاتنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. لېكىن ئۇلار ھازىر پۈتۈنلەي ئىككى دۇنياغا ئايلانغان، ۋەدە كونىرىغان. ئەمما ئالىيەگە قارىغانسېرى رىشاتنىڭ قانلىرى قاينىدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇش رېتىمى تېزلەشتى. ئۇ ئالىيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈشنى نەچچە رەت ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بىر مەيدان تراگېدىيىنىڭ ئەسلىمىسى يامراپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلدى. ئەگەر بۇ جايدا ئادەم بولمىغان بولسا ئۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئالىيەنى قۇچاقلىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەشكەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئېغىزى ئۆمچەيدى، كۆز چاناقلىرىدىن ياش يامراپ چىقتى. ئالىيە بۇلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى سۈيى قۇرۇقدىلىپ قالغان سۇغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بارلىق تاتلىق خىياللىرىنى، شۇنداق روشەن ئەسلىملىرىنى قانداق ياۋايى كۈچ يۇتۇ-ۋەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ ! ...

ئوقۇغۇچىلار ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

— ئالىيە ! ... — دېدى رىشات تىترەڭ ئاۋازدا، — بىزنىڭ بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟

ئالىيە بىردىنلا سەگەكلەشتى.

— رىشات دەيدىغان بىر ساۋاقدىشىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئوننەچچە يىل بۇرۇن، يەنى يەتمىشىنچى يىللىرى سىز بىلەن ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، — دېدى رىشات.

ئالىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆپتى. يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سان-ساناقسىز رىشات كەلمەك-تە ئىدى. ئۇ بىردىنلا گاچا ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئىچىگە يىغىلىپ قالغان بولغاچقا

ئېغىزىنى ھەرقانچە ئۆمەللىسىمۇ گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمەيتتى. كۆزلەر كۆزلەر بىلەن ئۇچراشقان، يۈرەك يۈرەك بىلەن قايتا تونۇشقان بۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ سېغىنىشلىرىنى، ئاچچىق قىسمەتلىرىنى، ھاياجىنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز قانداقمۇ ئېغىزىغا كەلسۇن؟! ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەپۇ سورىيالمايتتى. چۈنكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇلارنى ئەپۇ سوراش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان. ھەر ئىككىسى ئۆز دەردى بىلەن ياشاپ كەلدى. ئۆلگەنلەرنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. تۇغۇلغانلارنى بولسا مۇبارەكلەشتى. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىدىن ياخشىلىق كۆردى. بەزىلىرىدىن بولسا يامانلىق كۆرۈپ بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويدى. نەچچە رەت ئالماشقان ئەمەلدار كىچىك ماشىنىسى بىلەن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ياز كەلدى، كەتتى. يەنە كەلدى. دۇنيا ئۇلارنى ئۇ ئايدىن-بۇ ئايغا، كونا يىلدىن-يېڭى يىلغا ئۇلاشتۇردى. قۇياش نۇرىنى چېچىۋەردى. دەريا سۈيى قۇرۇپ كەتمىدى. لېكىن ئۇلارغا يېتىشمەيۋاتقان نەرسە بەك نۇرغۇن ئىدى. تەقدىر ئۇلارنى ئىككى ئاچا يولدا ئىككى خىل مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ يىراق جايلارغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار مانا شۇنداق قىلىپ ئون يىلدىن كېيىن ئۇچراشتى. بىرسى قىرىق ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىنى يېتەكلەپ چوڭ شەھەردىن سەھرايى قىيامەتكە پىراكتىكىغا كەلگەن بولسا، بىرسى جاھانغا تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ كەچكۈزدىكى غازاڭدەك ھەر يانغا ئۇرۇلۇپ خارلانغان ئايال ئىدى.

ئالىي رەختتە كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن رىشات بىلەن ئاددىي سەھرا ئايالىغا ئوخشاپ قالغان ئالىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە نېمىدېگەن ئۇزۇن؟! ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى يۈرىكىگە كۆمۈلگەن. ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يىمىرىپ تاشلىغىنى ۋە باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق.

كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپنى كەچكى شەپەق نۇرى قاپلىغانىدى. يىراقلاردىن پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئۇششاق باللارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى، ئېتىزدىن قايتقان يىگىتلەرنىڭ لەرزان ئاۋازدا توۋلىغان ناخشىلىرى رىشات بىلەن ئالىيەنىڭ مۇڭلۇق خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. بۇ چاغدا پەقەت ئىككىسىلا يالغۇز قالغانىدى.

— سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى رىشات ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ بىز ئايرىلغاندىن بېرى سىزنى ئويلىمىغان كۈنۈم يوق. ئەپسۇسكى... ئالىيە، سىز بۇنداق ئازابلانماڭ!

ئالىيە يىغلاۋاتاتتى. نەچچە يىلدىن بۇيان تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈچۈن يىغلايتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا يىغلايتتى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالمىغانلىقىغا يىغلايتتى. مۇھەببەت ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇن يوقالغان قىزلىق نازاكىتى ئۈچۈن يىغلايتتى.

— يۈرۈڭ، ئۆيگە بارايلى. ئۆيگە بارغاندا سىزگە ھەممىنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ئالىيە يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — سىزگە تۆكىدىغان دەردىم كۆپ، رىشات!

— بۇ كەچتە ئۆيىڭىزگە بارسام يولدىشىڭىز قانداق قارايدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، كېيىن كۆرۈشەيلى. سىزنى ئايىمسام بولمايدۇ.

ئالىيە باياتىن قانداق ھەسرەتلىك يىغلىغان بولسا ئەمدىلىكتە شۇنچىلىك ئاچچىق كۈلۈپ كەتتى.

— ساراڭ، مېنى ئېرى بار دەپ كىم دەيدۇ. بىلىپ قېلىڭ، تۇل خوتۇن بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەركىنمەن. بىزگە ھېچكىم دەخلى-تەرۇز قىلالمايدۇ، — دېدى ئالىيە ھاسىراپ تۇرۇپ. ئۇ ئازراق ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

رىشاتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يەنە بىر قېتىم چەكچەيدى. ئۇ قەتئىي غەيرەتكە كەلدى-دە، ئۈن-تىنسىز ھالدا باش لىڭشىتتى. ئۇن يىل بۇرۇن سىنىپ بىلەن ئاشخانا ۋە ياتاق ئارىلىقىدا، بازارلاردا ئۇلار ئەنە ھازىرقىدەك سالماق قەدەم تاشلاپ بىللە ماڭغان. كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى، ئاينىڭ چىقىشىنى تەڭ كۆرگەن.

كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇلارنىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

(2)

فاكۇلتېت زالىدا ئۇزىتىش زىياپىتى بولۇۋاتاتتى. ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان تانسا مۇزىكىسىغا ماسلىشىپ يېنىك پىرقىراۋاتقان جۈپ-جۈپ گەۋدىلەر سورۇننى تولىمۇ گەۋدىلەندۈرۈۋەتكەنىدى. پېشقەدەم پروفېسسورلار، ئوتتۇرا ياش مۇئەللىمەر ۋە قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ ئۈستەل ھاراق، سوغۇق ئىچىملىك ۋە بىرنەچچە خىل قورۇملار بىلەن لىق تولغانىدى. بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاقچاقلار، قىزلارنىڭ زىل ئاۋازدا توۋلىغان ناخشىلىرى، شېئىر ھەۋەسكارلىرىنىڭ قايناق ھېسسىيات بىلەن ئوقۇغان شېئىرلىرى، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر-بىرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن رومكا سوقۇشتۇرۇشلىرى... لېكىن مۇشۇ بەختلىك مىنۇتلار ئىچىدە ئىككى يۈرەك ئەكسىچە تىنىمسىز ئازابلانماقتا، يىغلىماقتا، بىر-بىرىگە باغلانغان بۇ ئىككى يۈرەك مانا مۇشۇ جەزبىلىك سادالارغا تولغان ئۇزىتىش زىياپىتىدىن ھېچقانداق لەززەتكە ئېرىشمىگەن. پەقەت بۇ يۈرەكلەرنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى پىغان، قىيالماسلىق، ئاچچىق پۇشايمان... ئالىيە تولىمۇ غەمكىن ئولتۇراتتى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ چىرايى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، گويا سولىشىپ قالغان قىزىل گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ، بۇ يەردە ئۆزىنى ناتونۇش ئادەمدەك ھېس قىلدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ كۈلكە سادالىرى، بىر-بىرىگە كۆرسىتىۋاتقان ئاخىرقى ئىلتىپاتلىرى، مۇئەللىمەرنىڭ ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىزدەك تۇيۇلدى. ئۇ مۇشۇنداق روھىي ئازابلارغا قېلىشىنى، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى قاچان ئويلاپ باققان-ھە؟

رىشات ئالىيەنى يىراقتىن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبى چىگىش، مۇرەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن تولغان بولۇپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازغا ئوخشاپ قالغانىدى. دۇرۇس، ئۇ

تەقدىرىنى، مۇھەببىتىنى ۋە شېرىن غايىسىنى دوغا تىكىپ ئاخىرىدا بۇلاردىن مەھرۇم بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان ھاراقنى گويىدە كۆتۈرۈۋەتتى-دە، ئەلەم بىلەن ئېغىر تىنىپ قويدى ۋە يېڭى مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا ئوتتۇرىغا چۈشتى. لېكىن ئۇ ئالىيەنىڭ ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۆزىنى زادىلا باسالمىدى.

— مەن كۆز يېشىڭىزدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى رىشات ئالىيەنى ئاستا ئايلاندۇرغاچ،— بىز بىر-بە-رىمىزگە مۇھتاج. ئالىيە، بۇ مۇھتاجلىق بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى، ھېسسىياتىمىزنى يۇغۇرۇۋەتكەن. ئەگەر ھايات بولساملا ھامان بىر كۈنى سىز ماڭا مەنسۇپ بولىسىز، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئالىيە. مەن ساۋاقداشلار ئالدىدا، دوستلار ئالدىدا نەچچە يىللىق ئەقىدىمىز ئالدىدا سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ. مېنى كۈتۈڭ. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈ... مەڭگۈ...

رىشاتنىڭ پۇت-قوللىرى بارغانسېرى مۇزىكىغا ماسلاشمايۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ھاراقنىڭ كەيپىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ توختىماي سۆزلەيتتى، پىرقىرايتتى. ئالىيە بولسا چەكسىز خىياللار قايىنىمىغا چۆككەنىدى. ئالىي مەكتەپ ھاياتى بىلەن خوشلىشىش، قايىنام-تاشقىنلىققا تولغان شەھەر بىلەن خوشلىشىش، سۆيۈملۈك يىگىتى بىلەن خوشلىشىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتتى.

ئايرىلىش پەيتلىرىنىڭ ئاخىرقى دەقە-قىلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. رىشات بىلەن ئالىيە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى خىلۋەت ئورمانلىقتا بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتى. يېقىنلا جايدا ياڭراۋاتقان گىتار ئاۋازى ئۇلارنى ئازابلايتتى. بارماقلار بىر-بىرىگە نەچچە رەت كىرىشەتتى. ئىسسىق لەۋلەر ئاخىرقى قېتىم قايتا-قايتا جۈپلەشتى. ئالىيە رىشاتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ تاڭ سەھەردە قايناق ئارمانلىرىنى مۇشۇ شەھەردە قالدۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەرگە ئاتلىناتتى.

( 3 )

شۇرغان ھۇۋلىماقتا. زېمىن قارغا كۆمۈل-مەكتە. مۇزات دەرياسى ئاللىقاچان قىشلىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان. دەريا بويىغا جايلاشقان جىمجىت يېزىلار، شالاڭ دەرەخلەر كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا قارىيىپ كۆرۈنمەكتە. يېزا ئاتخانىلىرىغا قاراپ ئاستا كېتىۋاتقان كالا ھارۋىلىرى، ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى كىشىنىڭ كۆڭلىگە مۇڭ ۋە چەكسىز ئەلەم ئېلىپ كېلەتتى. ئالىيە كۆك خادانى رەختتىن تاشلىۋالغان كالتە جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ ئۇزۇن مېترنى قولتۇقىغا قىستۇردى-دە، ئېتىز ئۈستىگە تۆكۈلگەن قارا پاتقاق دۆۋىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا قاراپ ماڭدى. تەقدىرىنىڭ قىسمەتلىرى ئۇنى نەچچە دوملىتىپ مۇشۇ يېزىغا ئەكىلىپ تاشلىغانىدى. يېزىدىكى قاتتىق قۇرۇلۇپ قالغان دېھقانلارنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى ئالىيەنى غايەت زور بىر سىرلىق قايىنامغا سۆرەپ كىردى.

بۇ يەردىكى ئەركەكلەر بولسا ناھىيە-لىنىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئارقا-ئارقىدىن كېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇلار ئۆز ئۆيىنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى بىلىشمەيدۇ. ئاياللىرىنىڭ،

پەرزەنتلىرىنىڭ، نېمە يەۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ. نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىر قاچىدىن ئاشنى مۇڭدىشىپ ئىچەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار ھەممىدىن بىخەۋەر. كېلىپ-كېتىدىغانلار بولسا پەقەت يېزىنىڭ، ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى. ئۇلار كىچىك ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ قوي سويۇپ «مېھمان» قىلىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئېتىزلىققا چىقىدۇ-دە، ئەمەلدارلىق كېبىرى بىلەن قول شىلتىپ ئۇ يەر-بۇ يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتىپ قېلىشىدۇ. پۇقراچۇ؟ ئۇلار يەنىلا پۇقرا-دە. ئۇلار يەنىلا بۇيرۇق بويىچە ئىشلىشى كېرەك، چوڭ «كادىر»نىڭ كىچىك كادىرنىڭ «يوليورۇق»لىرىنى بىجانىدىل ئورۇنلىشى كېرەك.

مانا، يېلىك، كونا كىيىملەرنى كىيگەن قىزلار، ئاياللار قارا پاتقاق قاچىلانغان خالتىلارنى كۆتۈرۈپ بۇلاق بىلەن ئېتىزلىق ئارىلىقىدا تىنىماي قاتىرايتتى. پەقەت مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى، ئېغىر-ئېغىر تىنىپ قويۇشلىرى، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن، ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئالىيە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قانداق باھا بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىي مەكتەپ بىلەن سەھرا دۇنيانىڭ ئىككى بۇرجىكى بولۇپ كۆرۈنۈپ ئۇزاققا سوزۇلغان ئەسلىمىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ھامان خىيالىدا ئۇرۇمچى بىلەن، ساۋاقداشلىرى بىلەن، قەدەم ئىزلىرى قالغان يېشىل چىمەنلىقلار بىلەن، قەلبىگە ئاللىقاچان يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سۆيۈملۈك ئادىمى رىشات بىلەن سىردىشاتتى.

ئالىيە مۇزدەك سوغۇق ياتاققا كىرىپ ئوتتۇرىدا بىردەم تۇردى-دە، يەنە سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىۋاتاتتى. ئۇ سىرتتىكى ئاشخانىلارنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە ياتاققا قايتىپ كىردى-دە، ئۇستەلدىكى قېتىپ كەتكەن بىر توغرام زاغرا ناننى قولىغا ئالدى. ئۇ ناننى چىشلىدى-يۇ، ئۆزىنى ئەلەم بىلەن كارىۋاتقا تاشلىدى. دەل شۇ چاغدا قورۇدا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن ياتاققا ئۇزۇن جۇۋا كىيگەن، شاپ بۇرۇتلۇق يېزا باشلىقى ھاشىم ئېيىق كىرىپ كەلدى.

ئالىيە ئېتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— باللارنىڭ يىغىلىش ئەھۋالى قانداق؟— دېدى ھاشىم ئېيىق قولىنى ئوتى يوق مەشكە قاقلاپ تۇرۇپ.

ئالىيە ھاشىم ئېيىققا قارىماستىن:

— يامان ئەمەس،— دەپ جاۋاب بەردى قوپال تەلەپپۇزدا.

ھاشىم ئېيىقنىڭ كۆزلىرى ئالىيەگە تىكىلگەندى. ئالىيە ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى بىلگەندەك قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بولۇۋاتقان سۆز-چۆچەكلەر ئالىيەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئەمما ھاشىم ئېيىق ھە دېسىلا ئالىيەگە كۆيۈنگەن قىياپەتتە مۇئامىلە قىلاتتى.

— «قارا پاتقاق» دەپ جۆيلىدىغانلار ئاز ئەمەس. «قارا پاتقاق» دېگۈچىلەرنى بىرقانچە قېتىم ئەدەبلىگەنلىكىمىز ئېسىڭىزدە بار. ئەلا سۈپەتلىك ئوغۇتقا بۇنداق ھاقارەت قىلغانلارنى يۇقىرى رەھبەرلىك ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ. بۇ قېتىم ناھىيىدىن كەلگەنلەرنىڭ باھاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز

بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ جاپالىق ئىشلەپ تەشكىلىنىڭ تېخىمۇ چوڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىشىمىز لازىم.

ئالىيە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ، بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا جاھان سورايدىغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ ئۇلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەمەلگە، مۇكاپاتقا ئامراق ئەمەلدارلار بىر چاغلاردا سانىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، ئاشلىقنى يۇقىرىغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتكەچكە پۈتكۈل يۇرتنى قەھەتچىلىك قاپلاپ ئاچارچىلىق بولغانىدى.

ئالتۇندەك دانلارغا قاراپ غايەت زور ھاياجانغا ۋە ئىپتىخارغا چۆمگەن دېھقانلار بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي ئارا بىلەن گۆرجەكنى قۇچاقلاپ قۇرۇق قول قالاتتى. تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئاشلىقلار بىر ئەجدىھانىڭ كېيى بىلەن ئاللىقاياقلارغا توشۇلۇپ كېتەتتى. ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بىچارە دېھقانلار، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلىگەن ھالەتتە دۇنيا بىلەن خوشلاشقان مەسۇم بوۋاقلار، ئەتراپنى قاپلىغان يىغا-زارىلەر...

ئالىيە قانداقلا بولمىسۇن كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆردى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا شۇ چاغدىكى ئەجدىھالارنىڭ بىرى غادىيىپ تۇراتتى. ئالىيە بۇ قان-ياشلىق تارىختقا چەكسىز ئېچىندى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئەر بولۇپ يارىلىپ قالمىغىنىغا، شۇڭا قىساس ئېلىشقا قادىر ئەمەسلىكىگە قاتتىق پۇشايمان يەيتتى. بىر قېتىم يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ رىشاتقا ئاتا-ئانىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، رىشات مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ «قىساس ئالىمەن، ھامان بىر كۈنى قىساس ئالىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن ئۇقۇش پۈتتۈرگەنىدىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئالىيە رىشاتنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇرۇمچىدە دەۋالىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي تىت-تىت بولدى. ئىچ-ئىچىدىن ئازابلاندى. بۇ يەردىكى رەھىمسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى، ئارزۇلىرىنى ئاستا-ئاستا تىتىپ تاشلاۋاتاتتى. لېكىن ئۇ رىشاتنىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى تەكرار-تەكرار ۋەدىسىگە چەكسىز ئىشىنەتتى. ئالىيە بىرھازا مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى-دە، ھاشىم ئېيىقنىڭ ئاللىقاچان ياتاقتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

قار ئېرىپ يوللار پاتقاقچىلىققا تولماقتا. نەچچە ئايدىن بۇيان ھارۋا سۆرەپ ھالىدىن كەتكەن ئېشەك-كالىلار ئۇستى-ئۇستىلەپ تېگىۋاتقان تاياققا پىسەنت قىلماي بەدەنلىرىنى تولغاپ قويۇپ ئاستا كېتىۋاتماقتا. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقانلار باللىرىنى مەكتەپتىن توختىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولماقتا. بۇ پاجىئە ئالىيەنى ھەر كۈنى دېگۈدەك باللارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ چارچىغىنىغا قارىماي ئائىلە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ بەزى ئائىلىلەردىن خۇشال، بەزى ئۆيلەردىن كۆڭلى يېرىم قايتىپ چىقتى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندە بولسا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، ھارغىنلىقتىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. تۈن يېرىم بولغاندا ئاغزىغا بىرنەرسە كەپلەنگەنلىكىنى بىلدى-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قاپقاراڭغۇلۇقتا تولغان كىچىككىنە ياتاقتا بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمەكتە ئىدى. ئالىيە قاتتىق تىرەجىدى.

— مەن سىزگە كۆيۈپ... جېنىم ئالىيە، تېئۇش چىقارماڭ! — ئالىيە ۋارقىرىماقچى

بولغان بولسمۇ ئېغىزىغا بىرنەرسە كەپلەنـ-
گەنلىكتىن ئاۋاز چىقىرالمىدى. ئېغىر گەۋدە
چىك بېسىۋالغانلىقتىن پۇت-قوللىرىنىمۇ قىمىرلىتالمىـ-
دى. ھاسىرىغان، پۇشۇلدىغان ۋە ئىڭرىغان
ئاۋازلار قوشۇلۇپ جىمجىت قاراڭغۇلۇق ئىچىگە
سىڭىپ كەتتى... ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخشام ئىشكنى
تاقىمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ چاچلىرىنى يۇلدى،
بەدەنلىرىنى مورلىدى. قىممەتلىك نەرسىسىدىن
ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى.
قىيا يېپىلغان ئىشكتىن سىرتقا كۆز تىكتى.
كېچە جىمجىت، تولۇن ئاي نەلەرگىدۇ
يوقالغانىدى. يىراقتا مۇزات دەرياسى غەزەپ
بىلەن ئاقاتتى. داشۆدىكى يېشىل چىملىق،
دائىم قىزغىن كۆلكە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان
قىزلار ياتىقى، قېرى دەرەخ تۈۋىدە رىشات
بىلەن تارتىنىپ تۇرۇپ تۇنجى قېتىم سۆيۈشـ-
كەن مىنۇتلار. ئاھ، بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئالىيە ئۈچۈن مىسلىسىز گۈزەل نەرسىلەر
ئىدى. لېكىن مۇشۇ سەھرا، مۇشۇ ياتاق
ھەممىنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتتى. ئالىيەنىڭ
قىزغىن ھېسسىياتى مۇشۇ سەھرادا بەربات
بولدى. ئۇنىڭ نالىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى،
يىغىسىنى ھېچكىم كۆرمىدى. ھاشىم ئېيىقنىڭ
پەسكەشلىكىنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىپ،
ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ ئۆچ
ئالماقچىمۇ بولدى-يۇ، يەنە تۇرۇپ قالدى.
بۇ چارە بىلەن ئۇ ئەمدى مەڭگۈلۈك قولدىن
كەتكەن ئىپپەت-نومۇسنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رەلەمدۇ؟ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا بۇ ئىش
ئالەمگە يېيىلىدۇ-دە، سۆز-چۆچەككە ئايلىنىدۇ.
ئەگەر رىشاتنىڭ قۇلىقىغا يەتسىچۇ؟... ئۇنىڭ
كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. «ياق-ياق»
دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئىلاجسىز ھالدا
كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشنىمۇ سۈرتمەستىن ئايسىز
ئاسمانغا قاراپ سۈكۈت قىلدى.

(4)

زېمىن يىغلىۋەتتى. دېھقانلارمۇ بىر-بىرىگە
ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتى. قارا پاتقاقنىڭ
زېمىنغا ئاتا قىلغىنى ياۋا قومۇشلار بولدى.
ئات-ئۇلاغلار بولسا ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆلۈپ
تۈگەۋاتاتتى. بۇ يۇرتنى يەنە بىر قېتىم
قەھەتچىلىك قاپلىدى. ناھىيىدە بولسا مەسىـ-
لىسى بارلارنى ئېنىقلاش، زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغانلارنىڭ مەسىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ھەرىكىتى باشلاندى. ھەممە ئەمەلدار-
لار ئۆزىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ يېزىدىكى پاجىئە-
نى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ھاشىم
ئېيىق سەل چۆچۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ
تورغا بېلىق تاشلاپ بېرىدىغان ناھىيە
ئەمەلدارلىرىنىڭ بەزىلىرى مەسىلە تاپشۇ-
رۇۋاتاتتى. پارىخورلۇقى چېكىگە يەتكەن
بەزى ئەمەلدارلار كېيىنكى تەقدىرىدىن
قورقۇپ تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ كەتتى.
مانا ئەمدى، ھاشىم ئېيىقنىڭ پاچىقىغىمۇ پىت
چۈشتى. ئۇ دولان يۇرتىدىكى ئاكىسىنىڭ
پاناھىغا ئېرىشىش نىيىتىگە كەلدى.

قىزلىق نازاكىتى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان
ئالىيە تۇرمۇشنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ
مەجبۇرىي ھالدا ھاشىم ئېيىقنىڭ ئايالىغا
ئايلاندى. ئۇ مۇھەببىتىنى يوقاتقىنىغا ۋە
مەڭگۈلۈك جۇدالىقتا، مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە
قالغىنىغا قەلبى ئېچىشىپ قورسىقىدىكى بالىنى
چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. لېكىن ئاخىرىدا
يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تاياقتىن
كۆكەرگەن، يۈزلىرىنى داغلار قاپلىغانىدى.
ئۇ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ بولغان ھاشىم
ئېيىق بىلەن ئۈچ ياز ئۈچ قىشنى ئازاب ۋە

ھاقارەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئىككى قېتىم قورساق كۆتۈرگەن بولسىمۇ بالا ساق تۇغۇلمىدى. ئۇنىڭ بالىغا ئېرىشىش نىيىتى يوق ئىدى. بىراق ھازىر يېڭى بىر جان ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى قوچۇپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

ھاشىم ئېپىق ئالىيەنى ئۆي ئىچىدە خورلىغىنى بىلەن سىرتلاردا ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇقىرى-تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، ئەمەلدارلارغا قانچە قېتىم داستىخان سېلىپ ئالنيەنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئالىيە بۇنىڭغا خۇش بولمىدى. پەقەت مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇش بىلەن بىر توپ غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ توپىغا قېتىلىپ كەتتى.

ئالىيە ھاشىم ئېپىقتىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ كېپىنى يىرمىدى. ئەمما تەنھا قالغان چاغلاردا يوتقانىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىگەن ھالدا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇمانلاشقان بىر دۇنيا پەيدا بولۇپ ياتاتتى. ئاشۇ تۇمان ئىچىدە ئەمەلدارلار، دېھقانلار، بۇزۇق ئايالار، سىياسىي سۈيىقەستچىلەر ئۆز بەختى ئۈچۈن تور توقۇۋاتاتتى. ئالىيە بۇ خىل رېئاللىق ئالدىدا ئاخىر ئېگىلدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن يوقالغان بىر نەرسە بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرى خىيالىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى. رىشات بولسا ئۇنىڭ ئەبجەش قەلبىدە بىر غايىۋى ئىلاھ بولۇپلا لەيلەپ يۈرەتتى.

ھاشىم ئېپىق نەچچە يىلدىن بۇيان توپلىغان مال-دۇنيالىرىنى تەقلەپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن دەرھال يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى. لېكىن ئۇ كۈتۈلمىگەندە ئالىيەنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئالىيەنىڭ خېتىنى بىر ئۇۋېتىپ كەتسىمۇ كېتەلەيتتى. لېكىن كۆڭلەر ئۆتتۈپ ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى خەلقى ئالەمگە يېيىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەمەلىيەتتە مەسىلىسى بارلارنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى ناھىيىدىن يېزىغا يۈزلەنگەنىدى.

— ئەسلىدە سەن بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ ئۆزۈملا كەتمەكچى ئىدىم، — دېدى ھاشىم ئېپىق تاماكىنى بىرنەچچە شورىۋەتكەندىن كېيىن، — بىراق سېنىڭ ھازىر ئاي-كۈنىڭ يېقىنلىشىپ قالدى، بالىنى يېتىم قىلساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن مېنىڭ ياخشى خوتۇنۇم...

ئالىيەنى تولغاق ئازابى قىينايتتى. ئۇ توختىماي ئىڭرايتتى، چېكىلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ھاشىم ئېپىقنىڭ ياغلىما گەپلىرى بولسا قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

— مەن ياخشى خوتۇنما؟— دېدى ئ قورساقلىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ زەردە بىلەن — مېنى ئالدىماي كۆزۈمدىن يوقىلىڭ. ماڭا ھازىر تىنچلىق لازىم. مەن دولانغا بارمايمەن.

— نېمە؟ سەن تېخى تېرە تاراقشىتىۋاتامسەن، ئۆزۈڭنى بىلىپ دەرھال تەييارلىقىڭنى قىل. مەن ھەممىنى تەقلەپ قويغان، بالا يولدا تۇغۇلسىمۇ مەيلى، لېكىن بۇ يەردىن تېز كېتىشىمىز كېرەك.

سىرتتا لەپىلدەپ قار ياغماقتا ئىدى، ئالنيەنىڭ يىغلاپ قىلىۋاتقان نالىسى تولغاق بىلەن تەڭ كۆچەيدى. ئالىيە دۇنيادا يالغۇزلۇقنىڭ ئۆلۈمدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. مۇزدەك سوغۇق ئۆيدە ئۇ خۇدادىن شاپائەت تىلىدى. خىيالىدا قانچە قېتىم رىشاتنى ياردەمگە چاقىرىپ ئۆزىنى بۇ رەھىمسىز ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئاللىقاچان تۇپراق قوينىدا

چىرىپ كەتكەن ئانىسىنى، قىز ساۋاقداشلىرى-نى، ئۆلۈمگە داۋا بولالمىغان دوختۇرلارنى مىڭ مەرتىۋە سېغىندى. مىڭ ئۆلۈپ-مىڭ تىرىلىپ ئاخىرى بوشاندى. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە ھالسىزلانغانىدى. بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئالىيەنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى.

ئەل ئايىغى بېسىققاندا ھاشىم ئېيىق ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ھايت-ھۇيت دېگۈچە چاپارمەنلەردىن تۆت-بەشنى يىغىپ نەرسە-كېرەكلەرنى ماشىنىغا باستى-دە، پالەچ ئادەمدەك ياتقان ئالىيەگە قاراپ بېشى قاتتى. ئۇ دەرھال تۇغۇت ئانىسى چاقىرىپ بالىنىڭ كىندىكىنى كەستۈردى، يۇيۇندۇردى. اندىن ئالىيەنى، بالىنى چوڭ بىر تېرە جۇۋىغا مەھكەم يۆگەپ ماشىنىغا سالدى. ماشىنا قوزغالدى. لېكىن ئالىيە ھېچنېمىنى تۇيمايتتى. ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتكەنىدى. يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان مۇزات دەرياسى، كەڭ قارلىق دالا، ئالىيەنىڭ قىزلىق ھېسسىياتى نابۇت بولغان سەھرا... ئاي يۈتكەن بۇلمەت-لىك كېچە قوينىدا بارا-بارا ئارقىدا قالدى. ماشىنا بولسا كۈچلۈك شۇۋىرغانغا قارشى ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

( 5 )

— شۇنداق قىلىپ دولانغا كېلىپ قالدىم، — دېدى ئالىيە تىترەك ئاۋازدا، — بۇ يەردە بىر مەزگىل پىركازچىك بولدۇم. ئۇندىن كېيىن ناھىيىنىڭ بىر باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىشلىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ھاشىم ئېيىق دېگەن توڭگۇز بالا بىلەن مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىۋال-دى. ئۇ ناھىيىدىكى ئەمەلدار ئاكىسىنىڭ سايىسىدە ھېلىغىچە بىخارامان جاھان سوراپ يۈرىدۇ. مەن بولسام تاشلاندۇق بىر تۇل خوتۇنغا ئايلاندىم. رىشات مەن كەسىپ دېگەننى ئۇنتۇپ كەتتىم. دۇنيادا ئۇنتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىممۇ بەك نۇرغۇن. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتالمايۋاتىمەن. بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ خەت-ئالاقە قىلمىدۇق. ئون يىلدىن كېيىنكى بۇ ئۇچرىشىشقا نېمە دېسەم بولار؟

رىشاتنىڭ نېرۋا تالالىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان-دەك ئاغرىشقا باشلىدى. ۋۇجۇدىنى بولسا پۈتمەس-تۈگمەس غەزەپ ئىگىلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز رىشات؟ — دېدى ئالىيە رىشاتنىڭ كەيپىياتىدىكى نورمالسىزلىقنى بايقاپ، — مەندىن نەپرەتلىنىۋاتامسىز؟ مەن ھەققەتەن ۋىجدانسىز بىر ئايالمەن. مېنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ.

— بولدى، سۆزلىمەڭ!

قارامتۇل بۇلۇتلار قوينىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققان تولۇن ئاي رىشات بىلەن ئالىيەگە ئەگىشىپ چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن يېزا يولىدىن يانغا بۇرۇلدى. يىراقتىكى ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، قايسىبىر مەستنىڭ ئالتاغىل ئاۋازدا توۋلىغان ناخشىلىرى، دېھقانلارنىڭ ئايدىڭدا يېتىلەپ ماڭغان ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى قوشۇلۇپ سەھرا ئاسمىنىدا ياڭرايتتى. ئارىلىقتىكى سۈكۈتنى يەنە ئالىيە بۇزدى.

— ئۆزىڭىز توغرۇلۇق بىرنەرسە دەپ بەرمەمسىز؟

— دەيمەن، ھەممىنى دەيمەن، — دېدى رىشات بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — سىز كەتكەندىن كېيىن ئالتە ئاي خىزمەت ئىزدەپ يۈردۈم،

مەن يالۋۇرمىغان باشلىق ئاز قالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كۆچۈكتەك ئەگەشتىم. كېيىن ئارانلا بىر ئىدارىگە تەرجىمانلىققا ئورۇنلاشتىم. مەن سىزگە خەت يېزىشنى تالاي قېتىم ئويلىدىم. لېكىن نەگە يازىمەن؟ تېڭىرقاپ قالدىم، قەلەم قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشقا، سىزنى ئىزدەشكە زادىلا پۇرسەت بولمىدى. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردىم. كېيىن داشۆگە ئالمىشىپ چىقتىم. ئون يىل بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى. راست ئالىيە بىز كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتۇق. مەن بۇ قېتىمقى پراكتىكىدىن قايتىش سەپىرىدە سىزنى ئىزدىمەكچى ئىدىم. چۈنكى مەن سىزنى ئون يىل خىيال قىلىپ كەلدىم. ئون يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟ مانا بۈگۈن خۇدا بىزنى ئۇچراشتۇردى. مەن تەقدىرنىڭ كارامىتىگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئالىيە، بىز...بىز...

ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. مەكتەپ جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، پەقەت چەتتىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىلا يورۇق تۇراتتى.

— ئاشۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — دېدى ئالىيە قولى بىلەن ھېلىقى يورۇق دېرىزىنى ئىما قىلىپ، — باشقا مۇئەللىملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قورۇ-جايلىرى بار. مەكتەپتە مەنلا يالغۇز ئولتۇرىمەن.

ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان تار ئۆيدە يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا پۈشۈلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. رىشات بالىغا ئېگىلىپ قارىدى-دە، نېمىشقىدۇر قاپاقلىرى سىلىندى. ئۇ ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان ئەسكەردەك سالپىيىپ بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت تۇرمۇشنىڭ بۇژغۇنلار بىلەن تولغان چوڭقۇر قاينىملا يېيىلىپ ياتاتتى.

— ھە، راست، ئاياللىڭىزنىڭ، باللىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىماپتىمەن، ئۇلار ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دېدى ئالىيە ئاشخانا ئۆيدىن بىرنەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ رىشاتنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئىشلىرىمىز قىزىق ئىدى. ئۇلارغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرمىگەنسىز؟

رىشات ئۇزاق سۈكۈتكە چۆكتى. ئاندىن ئالىيەنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ قەلبى كۈچلۈك بورانغا دۇچ كەلگەندەك دېڭىز دولقۇنلىرىدەك داۋالغۇيتتى.

— يوق. ئالىيە، ئايالىم يوق، باللىرىممۇ يوق، — دېدى رىشات بېشىنى چايقاپ، — ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خىزمەت دەۋاسى، تۆۋەنگە چۈشۈپ چېنىقىش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقۇش، سىنىپ تەربىيىچىلىكى...يەنە تەتقىقاتقا بېرىلىشتەك ئىشلار بىلەن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ئويلىسام تۇرمۇشقا رومانتىك ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپتىمەن. ئادەمگە يېيىش، ئىچىشتىنمۇ مۇھىمراقى بىر ئىناق ئائىلە ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلىدىممۇ؟ باشتىن-ئاخىر سىزنى ئويلىدىم. سىزگىلا ئەقىدە باغلىدىم. سىزنى كۈتتۈم. لېكىن مەن ئەمدىلىكتە خاتالاشقانلىقىمنى بىلىۋاتىمەن. مەن مۇھەببەتنى خام خىيالغا ئوخشىتىپ قويۇپتىمەن. سىزنىڭ بالىڭىز بار ئىكەن. مەن ئالدىڭىزدا ئەيىبلىك. ئون يىلنىڭ ئالدىدا بەرگەن ۋەدىلىرىم ئۈچۈن ئەيىبلىك! تۇرمۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. راست، ئالىيە مەن بەك شەخسىيەتچى ئىكەنمەن. مەن سىزنىڭ يوقالغان ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىزنىڭ، قايناق ھېسسىياتىڭىزنىڭ جاۋابكارى بولۇشقا تېگىشلىك. مەن ئەرلىك غۇرۇرۇمنى جارى قىلدۇرالمىدىم. مەن چوڭ مەكتەپكە كىرىۋېلىپ كىشىلەرنىڭ

كۆزىگە سىرلىق كۆرۈنۈشىنىلا قوغلىشىپتىمەن. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن بەختسىزلىك مېنىڭ ئاجىزلىقىمدىن، ئىرادىسىزلىكىمدىن پەيدا بوپتۇ. مېنى كەچۈرۈڭ. راست، مېنى كەچۈرۈڭ. بىز ھازىر ئورۇن جەھەتتە ئوخشاش بولمىساقمۇ تەڭ قىممەتكە ئىگە ئادەم. بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز قەدىر-قىممەتلىرىمىزنىڭ، ھېسسىياتلىرىمىزنىڭ ۋە غايىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئەيىبلىرىم! ...

— رىشات!

ئالىيە ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر بويتاق يىگىت چوڭقۇر ئىچىنىش ئىچىدە نالە قىلىۋاتاتتى. دەھشەتلىكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قولدىن بېرىپ قويغان نەرسەلەرنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىكى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېغىنىش، پۇشايمان، مەھكۇملۇق دېگەنلەر تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئالىيەنىڭ ئاجىز قەلبىنى تىلغاپ تاشلىۋەتتى. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن ھالدا سۈكۈتكە چۆكتى. بالا بىر ياندا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز سىرتتا شارقىراپ ياغقان يامغۇر ئاۋازى ئاڭلاندى. دېرىزە ئەينەكلىرىگىمۇ يامغۇر تامچىلىرى تارسىلداپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. رىشات ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئالىيە رىشاتنىڭ ئۆزىنى مەھكەم قۇچاقلىشىنى، لەۋلىرىگە سۆيۈشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەن ھېسسىياتلىرى قايتىدىن تىرىلمەكتە ئىدى.

— مەن قايتاي، ئالىيە،— دېدى رىشات ئۇزاق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن،— ماڭا قاراشلىق يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار.

ئالىيە باش ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن دېگەن بەربىر ئەسكى، ياردماس،— دېدى ئالىيە تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، — راست، خەقلەر مېنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئەخمەق تاپتى. سىز بۇنى مەڭگۈ كەچۈرمەيسىز. لېكىن بۈگۈن مېنى ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. سىز ھاياتىمدا بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن ئادىمىم. گەرچە كېچىككەن بولسىڭىزمۇ...ياق، ياق... مەن سىزنى ساقلىيالمىغان بولسامۇ مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ. رىشات نېمىشقا قاچىسىز؟ بۇرۇن مەن سىزگە مەنسۇپ ئىدىمغۇ؟!

— ئالىيە مەن سىزنى چۈشىنىمەن. سىزنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا قىرىق ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى بار. مېنى ئاياڭ. مەن... مەن بۇ يەردە قونسام بولمايدۇ. سىز ئارىلىقتىكى مۇساپىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

— بىلىمەن، رىشات. ھەممىنى بىلىمەن،— دېدى ئالىيە رىشاتقا ئېسىلىپ تۇرۇپ،— ماڭا ھازىر سىزلا لازىم. مەن ھاردۇقۇمنى چىقىراي. ئون يىللىق دەردىمنى چىقىراي. سىز ماڭا مەلھەم بولالايسىز. ئۇھ، كۆز ياشلىرىم... جېنىم رىشات، يەنە نېمىشقا قورقىسىز؟ مەندىن نەپرەتلىنىۋاتامسىز-يا؟ جېنىم رىشات، جېنىم...

ئالىيە رىشاتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى تېگى-تەكتىدىن يامراپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ بارلىق ئىدراكىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنى كونترول قىلىشقا تىرىشاتتى.

— ئاپا!

ئالىيە ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. رىشات ئۆزىنى پەم بىلەن ئىشىك سىرتىغا ئالدى. بالا ئويغىنىپ كەتكەنىدى.

— نان يەيمەن، — دېدى بالا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

ئالىيە بىر پارچە ناننى بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى-دە، رىشاتقا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى. ئاي ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، زېمىن قاراڭغۇلۇققا چۆككەنىدى. شارقىراپ ياغقان يامغۇر كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ! — دېدى ئالىيە سوغۇقتىن تىترەپ تۇرۇپ، — مەن سىزگە يامان تەسىر بېرىپ قويدۇم. لېكىن مەن بۇنى ھەرگىزمۇ خاتالىق دەپ قارىمايمەن. ياخشى كۆرۈش، سېغىنىش دېگەنلەر ئادەمنى ئاشۇنداق شەخسىيەتچى، تاجاۋۇزچى قىلىۋېتىدىكەن.

— ئالىيە، جېنىم ئالىيە، مەن سىزنى چۈشىنىمەن. سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىز...

رىشات ئالىيەنىڭ بېلىدىن قورۇپ تۇرۇپ ئۇنى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن سۆيۈپ كەتتى. ئالىيە دۇنيادا بەختنىڭ تاتلىق لەززىتىنى ئەمدىلا تېتىۋاتقاندەك قايتىدىن ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئايسىز كېچە ئاسمىنى تولىمۇ مۆڭلۈق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. رىشات يامغۇر سۈيىدە چىلىشىپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكىدى.

(6)

ھاشىم ئىپىققا تەلەي كېلىۋەردى. ناھىيەدە چوڭ ھوقۇق تۇتقان ئاكىسىغا تايىنىپ يېزىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ خورىكى پۇل ۋە ھوقۇق بىلەن بارغانسېرى چوڭايدى. رەھىمسىزلىك ئۇنىڭ قوللىرىغا تۆمۈر تىرناق ئاتا قىلدى. ھەمىشە قاتتىق سىگنال بېرىپ كېلىپ تۇرىدىغان پىكاپلار ھاشىم ئىپىقنىڭ قەلبىنى يايرىتىۋەتتى. ھايت-ھۇيت دېگىچە كانارغا ئېسىلىپ بولىدىغان پاقلانلار بەدىلگە ئۇ ئەڭ يېڭى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ تۇراتتى.

رىشات ھەممىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا رەھىمسىز رېئاللىق يېيىلىپ تۇراتتى. قەلبىگە غايەت زور غەزەپ ئوتى تۇتاشتى. ئادەمنىڭ قىسمىتى، تەقدىرنىڭ پالاكىتى ئەمدى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. ئۇ ياتاقتا تەنھا خىيال سۈردى. ئۇ بۇ يەرگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى توپلىغىلى، دولان خەلقىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىدىن ھۇزۇر ئالغىلى، ياشلىقى قايناپ تۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئادەملەرنى چۈشىنىشكە، جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە يېتەكلىگىلى كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ دۇچ كەلگىنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسە بولۇپ چىقتى. ئۇ ئالىيەنى ئەيىبلىمەيتتى. ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشكە بولسا تېخى ھەقلىق ئەمەس ئىدى. ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتقان شورلۇق سۆيگۈ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پەقەت قىساس تۇيغۇسىنىلا ئاتا قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلسىلا پۇخادىن چىقاتتى.

روزى ھېيت يېتىپ كەلدى. تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار بىر يېزىغا توپلاندى. ئۇن نەچچە كۈنلۈك ئايرىلىش ئۇلارنىڭ قەلبىنى سېغىنىش ھېسلىرىغا ئورىغانىدى. ساۋاقداشلار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قورۇدىكى ئورمانلىقتا توپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ ناخشا ئېيتىشتى، ئۇسسۇل ئوينىشتى. ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى بۇ چەت

خىلۋەت سەھرانى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتكەنەدى. رىشات ئۆزىنىڭ قايىنام-تاشقىنلىق ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە قايتقاندەك ھاياجانلاندى. ئۇ يىللار شۇنداق غەمكىن، لېكىن بەختلىك ئۆتكەنىدى. ئالىيە بىلەن تاتلىق پىچىرلىشىپ، ۋەدە بېرىشىپ تارتىنىپ تۇرۇپ سۆيۈشكەن دەملەرنى مۇنۇ ئاي جىمىرلاپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەردە، يەنە كېلىپ بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەسلەش نېمىدېگەن لەززەتلىك-ھە! ئاھ! ياشلىق، ئاھ، سېغىنغان سۆيگۈ، سەن ھازىر نەدە؟ بىر چاغلاردا سەن ئۇچۇن يۈرەكلەر گۆپۈلدەپ سېلىپ، ئىسسىق قانلار شىددەت بىلەن ئۇرغۇغانىدى. مانا ئەمدى غالىب ئورۇننى ئىگىلەۋاتقىنى ئاچچىق پۇشايمان، تەقدىرگە نېمە ئامال؟

ئەتىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ زالىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن مەخسۇس سورۇن ھازىرلاندى. سورۇندا يەنىلا ھاشىم ئېيىق باشچىلىق قىلىۋاتاتتى. رىشات قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا كېچىكىپ كىرىپ كەلدى.

— قېنى، رىشات مۇئەللىم، يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدى ھاشىم ئېيىق ئەمەلدارلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، — بۈگۈن ئۇلۇغ ئايەم كۈنى. بىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھۆرمەتلىك مېھمانلار بىلەن بۇ سورۇنغا جەم بولدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسىڭلاردىن سەممىي ھال سورايمەن ھەم ھەرقايسىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى.

جوزا ئۈستى تونۇر كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى، ئاق ھاراق، شامپان ۋە بىرنەچچە خىل سەيلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. تام بويلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرى ۋە قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشقان بولۇپ، سورۇن قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بىرمۇنچە ئۇششاق باللار، شاپاق دوپپىسىنى چوققىسىغا قوندۇرۇۋالغان دېھقانلار دېرىزىدىن بۇ ھەشەمەتلىك سورۇنغا قىزىقىپ قارىشاتتى. ھاشىم ئېيىق ئۇلارغا نەچچە قېتىم ئالىيىپ قويدى. رومكىلار بىر-بىرىگە ئارقا-ئارقىدىن سوقۇشتۇرۇلدى. پەقەت رىشاتلا بۇ ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئوقۇغۇچىلار شوخ مۇزىكا ساداسىغا ماسلىشىپ يېنىك پىرقىرايتتى. رىشات ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان بىر پىيالە ھاراققا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قان تولغانىدى. ھازىرلا ھاشىم ئېيىقنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇرۇپ ئەل-يۇرتقا كەلتۈرگەن ئاپەتلىرىگە، سۆيۈملۈكى ئالىيەنىڭ ياشلىقىنى نابۇت قىلغانلىقىغا نەپرەت ياغدۇرۇشنى، ئۇنى بىراقلا شەرمەندە قىلىشنى ئويلىدى. بىراق بۇنىڭ بىلەن بۇ چەت يېزىدا ھېچنېمىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. رىشات ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يوشۇرۇن قىساس شارابىنى ئۆز رەقىبىنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار رىشاتقا ھەيران قالدى. ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھاشىم ئېيىق يەنە لىق ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىنى رىشاتقا سۇندى. بىراق بۇ پىيالە ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىلدى. رىشات سەل تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇ ھاشىم ئېيىقنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ سورۇندىن چىقىپ كەتتى. خورلانغان ۋە ھاقارەت ھېس قىلغان ھاشىم ئېيىق داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ كېچىسى ئالىيە رىشاتنى چالا مەست ھالدا كۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى توپا-لايغا مىلەنگەن، قاتتىق يىقىلغانلىقتىن پېشانىسى يېرىلىپ ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ چىققانىدى. ئالىيە رىشاتنىڭ يېرىلغان جايلىرىغا دورا سۈرۈپ

قويدى. شۇ چاغدىلا ئۇ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئېرىدەك ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش تامچىسىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتىپ قالالمىدى.

(7)

ئون يىل ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىلەن قايناپ تۇرىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك ياتاق بىناسى مانا ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە ئايلانغانىدى. تار كارىدورنى گاز ئوچاقلىرى، يەشىكلەر، سەي-كۆكتاتلار بىر ئالغان. لېكىن بۇ يەردە ھايات قايناق، ئەر-ئاياللارنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرى، بوۋاقلارنىڭ يىغا ئاۋازى، قايسىبىر ئائىلىدىن ياڭراۋاتقان پەس ئاۋازدىكى ناخشا ساداسى كىشىنى لەززەتلىك ھېسلارغا چۆمۈلدۈرەتتى. بىراق رىشاتلا تەنھا، رىشاتلا مۇشۇ بىنادىكى بىردىنبىر بويتاق بولۇپ، ئازابلىق خىياللار بىلەن نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ دولان يۇرتىدىن قايتىپ كەلگىلى ئۈچ ئاي بولدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ يېقىنلا جايدا يېيىلىپ ياتقان كۆلگە قارىدى. كۆل سۈيىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرى تولىمۇ گۈزەل مەنزىرە پەيدا قىلاتتى. ئۇ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بېيجىڭغا، بېيجىڭدىن ئەنگلىيىگە ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارمانى رېئاللىققا ئايلاندى. بۇ قېتىم ئۇ لوندون داشۆسىدە ئۇيغۇرشۇناسلارغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانىدى. رىشات ئاجايىپ زور ھاياجانغا چۆمدى. بىراق ئۇنىڭ خىيالىدا ھامان يىراقتىكى دولان يۇرتى، خورلانغان ئالىيە ۋە تېخىچە ھوقۇقىدىن غولاپ چۈشمىگەن ھاشىم ئېيىق پىرقىراپ يۈرەتتى. يۇقىرىغا سۇنغان ئەرزلىرىمۇ سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتكەنىدى. ئۇ تەقدىرنىڭ رەزىل ئويۇنىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراش ئىچىدە ياۋروپاغا قاراپ سەپەرگە ئاتلاندى.

ئالىيە رىشات ئۇرۇمچىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىرەر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇپ ئالالمىغىنىغا ئىچى سىقىلىپ، قىشلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئايرىلغىلى ئوننەچچە يىل بولغان بۇ قاينام-تاشقىنلىق شەھەرگە كەلدى. بىراق شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالا-چەكمەن قىلىۋەتتى. نۇرغۇن كوچىلار، نۇرغۇن بىنالار ئالىيەنى ئېزىقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ شەھەردە رىشاتتىن باشقا ھېچقانداق يۆلەنچۈكى يوق ئىدى.

ئالىيە كەچكە يېقىن رىشات ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ — ئانا مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قانلىرى قىزىۋاتاتتى. يۈرىكى ھېلىلا ئاغزىغا تىقىلىپ قالىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سالماقتا ئىدى. ئاھ، سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپىم! مېنىڭ ياشلىقىم، گۈزەللىكىم قالغان مېھرى ئوت ماكان. مەن كەلدىم، ئون يىلدىن كېيىن مەن يەنە سېنى كۆردۈم. مەن كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ تۈگىگەندىلا ساڭا ئېرىشتىم! ئالىيە ئۆزىنى شۈنچىلىك بېسىۋېلىپ كۇتۇپخانا ئالدىدىكى تار يول بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپكە ماڭدى. قاراڭغۇلۇق تاشلىنىپ تۇرغان باغلاردىن قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يورۇق دېرىزىلەرگە، شاۋقۇنلۇق سىنىپلارغا تەلمۈرگەنىچە ئۆتكەن

كۆنلەردىكى كەچۈرمىشلەر قەلبىگە بېسىپ كىرەتتى. كەچ كىرىپ مەكتەپ ئىچى تىنجىشقا باشلىغاندىلا ئالىيە رىشاتنىڭ ياتىقىنى تاپتى. بىراق كونىراپ كەتكەن ئىشىكتە يوغان بىر قارا قۇلۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتكەندەك بولدى. نەپەس ئېلىشلىرى جىددىيلەشتى. ئالىيە رىشاتنىڭ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئەنگلىيىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئارقىغا ئۇچۇپ چۈشكىلى تاس قالدى-دە، ياندىكى تامغا يۆلىنىۋالدى. ئەمدىلىكتە ئالىيەنىڭ رىشاتقا ئىچ-ئىچىدىن غەزىپى قايناپ تاشتى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردەمدىلا شەرمەندە، ئالدامچى نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى سۈرتمەستىن ئاستا پەلەمپەيگە قەدەم قويدى. قولىدىكى يوغان قارا سومكىدا رىشات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن مېۋە-چېۋە، تۇخۇم، قاق، ياغلىما توقاچلار بار ئىدى. ئاھ، شورلۇق سۆيگۈ! ئاھ، تەتۈر تەلەي! ئالىيە بىنانىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراڭغۇلۇققا تولغان ئەتراپقا ئەيمىنىپ قارىغانچە تۇرۇپ قالدى. قار لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. ئۇ ئايسىز بۇ زۇلمەتلىك كېچىدە نەگە بارىدۇ؟ نەدە پاناھلىنىش كېرەك؟ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ بىرەر مېھمانخانىنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى.

ئىككى ئاي ئۆتتى. بىراق رىشات قايتىپ كەلمىدى. ئۇ لوندون داشۆسىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن قېپقالغانىدى. گويا قورقۇنچلۇق چۈشتەك تۇيۇلغان بۇ خەۋەر ئالىيەنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىجارە ئالغان ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. كىيىملىرى مەينەتلەشتى. ساۋاقداشلىرى ئالىيەنى كۆرسە قاچىدىغان بولدى. ئۇنىڭ نېرۋىسى كاردىن چىققانىدى. پۈتۈن بەدەنلىرى سوغۇقتىن دىرىلدەپ تىترەيتتى. بەختسىزلىك ئالىيەنىڭ ھەممە نەرسىسگە چاڭ سېلىپ ئەنە شۇنداق ھالاك قىلدى.

رىشات ئەنگلىيىدىن قايتىپ كېلىپ ئالىيەنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى-دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھەممىدىن مەھرۇم بولغانىدى. بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئىسسىق نەپەسلەرنى، شېرىن ۋەدىلەرنى تەقدىم ئەتكەن گۈزەل قىزچاق بۈگۈنكى كۈندە مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىسنى قۇربان قىلغانىدى. رىشات يىغلاپ چۇقان كۆتۈردى. بىراق ۋاقىت ئۆتكەن، ئىشلار ئۇنتۇلغان، تەقدىر پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئالىيەنى يامغۇرلۇق بىر كۈنى كوچىدىن ئاخىرى تاپتى-دە، كىرا ماشىنىسغا سېلىپ ساراڭلار دوختۇرخانىسغا ئاپىرىپ بەردى. ئالىيە رىشاتنىڭ يۈزلىرىنى مورلىدى، قوللىرىنى چىشلىدى. رىشات ھەممىگە چىدىدى. ئون يىل ئىلگىرى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەن قىزنى ئون يىلدىن كېيىن كوچىدا تۇتۇۋېلىپ، قوللىرىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ماشىنىغا سېلىش، يەنە كېلىپ ساراڭلار دوختۇرخانىسغا ئاپىرىپ بېرىشتەك ئېچىنىشلىق قىسمەت ئۇنى شىددەت بىلەن قىيناشقا باشلىدى.

# كېچە ناخشىسى

**جالالە**

(تۇنىس)

تۈن يېتىپ كەلمەكتە ئالدىراپ-تېنەپ
ئېيتمىغىن ھەسرەتتە مۇڭلۇق ناخشاڭنى

پەقەت بىرخىل ھالىتىڭلا بار
ساناپ بولماس سايەڭنى بىراق
تۈن مىجىقلار تاغ لىباسىنى
يېپىلماقتا دەرەخ بىلىكى
شۇ ۋە تۇمان كەتتى بىرىكىپ
كۆل بىلەن تاغ بولدى بىر تەكشى
يېتىپ كەلدى تۈن
شۇنچە جىمجىت، شۇنچە سۈكۈتتە
سۈكۈناتقا چۆككەن ياقلاردىن
چىقىپ كەلدى بىر ئاۋاز
سۈكۈت مەركىزى
يوقتۇر نۇر ۋە يوقتۇر كۆلەڭگە
سىنىڭ تۇرقۇڭ مىنىڭ يۈرىكىم
تۈن پەردىسى يېپىلسۇن تېزرەك
كۆلەڭگەڭنى كۆرگۈم يوق قايتا

ھەر يەردە بار بولغان
مۇڭلۇق چېھرىڭنى
قۇچاقلايمەن سېنى
سېنىڭ بىلەن بولۇشچۇن بىر تەن
يۈرىكىم بىلەن
قۇچاقلايمەن بۇ سۈكۈناتنى
قۇچاقلايمەن ئۇ ياڭراق ئۈننى
لەرزىگە كەلتۈرەر پۈتكۈل روھىمنى
ئۇ نەقەدەر تىنچ، تەلەيلىك
ھاياتىنىڭ ئۆز ساداسىدۇر ئۇ
تۈن پەردىسى يېپىلغان چاغدا
غەرق بولار
بارچە يىراق، بارچە يېقىنلار
بارچە ئېگىز، بارچە ئويمانلار

قاپقاراڭغۇ تاشقىرىسىدا
سۈكۈناتلىق تىمتاس دالادا
ئېيتما ئۇ ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق ناخشاڭنى

# تاش ئارىسىدىكى بېلىق

**داف**

(ئامېرىكا)

تاش ئارىسىدىكى بېلىق
ئارزۇ قىلار ماكانلىشىشنى
قايتىپ دېڭىزغا.

بىزاردۇر ئۇ
پەرەز قىلىش مۇمكىن بولغان
ئۇ كىچىك ھەقىقەتنى تەھلىل قىلىشتىن.
ئۇ بىزاردۇر شەبنەملىك كۈندە

ساقلاۋېرىشتىن،
سىڭايان سايىسى تاشلاندى بۇزۇپ
بىر دەستە ئاق نۇرنىڭ مۆھۈرى بىلەن.

دېڭىز-ئوكيان سۈكۈناتلىرى
ئاستا-ئاستا بارار قوزغىلىپ.
بىھاجەتتۇر بۇنىڭ ھەممىسى!
سەۋرچاندۇر، لەيلىگىنىچە

بىر پەستلا كېلىپلا ئۇدۇل
ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ئۇنى
ئۇستىخانلار غۇنچىلىرىغا.
تاش ئارىسىدىكى بېلىق
بىلىپ تۇرار يېگىلىشىنى
ھاياتلىقنى بەخش ئەتكۈچى
ياردەم-مەدەت بېرەر ئۇنىڭغا.
ئۇ بىلىدۇ چۈمۈلە نېچۈن
زەڭ قويۇپ لايىھلەر قارا نىيەتتە
دەپنە مۇراسىمى، قوپال گۈزەللىك
ساپسېرىقتۇر ئۇلار ھالبۇكى.
ئۇ بىلىدۇ ئالىملار نېچۈن
ئىچىدە يوشۇرۇن شادلىقتا چۆمۈپ
سىلاپ كىچىك قولاق چۆپلەرنى
سېزىۋالار
تومپايغان قارىغۇلار يېزىقلىرىنى.

# جاراھەت ئاغرىسىدىكى چۈشەنچە

(مىسىر)

ۋاجدە

توختىمىغىنىسەن،
پايدىسى يوق توختىغىنىڭنىڭ.
تاپىنىمغا سالمايمەن نەزەر...
روھىمدا چوقچايغان ئۇ ئېگىز چوققا
يىللارنىڭ غارىدا تۇرماس گاڭگىراپ.

ئارىسالدىلىقتا قالغاندا پۈتۈك،
تىترەز مۇزدەك جىملىقتا قولۇڭ،
بىلىمەن، سېنى ھالاك قىلىدۇ ئۇزۇق...
قورقۇنچتىن قارىيار بىر جۈپ قارىقىڭ،
پەقەت ماتەملەرگە بولسەن دۇچار،
ئۇزارغان قانىنىڭ سىلكىمەستىنلا
ئېگىزلىككە كېتىسەن ئۇچۇپ.
لاي ھەيكەلنىڭ مەبۇدى.
يىمىرىلەر چوقۇم
زايا كېتەر ھەيكەلتىراش ئەجرىمۇ.
مەن ئۆزۈم ياسىغان تىراگېدىيە
بىتچىت بولار ھەيكەل ئالدىدا...
پاجىئە يۈز بېرەر،
مەن ئاڭا ئامالسىز قالارمەن پۈۋلەپ،
كۆككە ئۆرلىگەنچە كېتەرمەن ئۇچۇپ...

سۆزلىمىگىنىسەن
سۆز دېگەن گاھى ئۇ يارا ئېغىزى،
كۆپۈكى ھەم دەرد-ئازابلارنىڭ،
تۆكتەلمەس ۋاقتىمۇ ئۇنى

## قەدىمكى ئەرەب خەلىپىلىكى كېچىسىدىكى ھېكايە

كۆرسەڭ ئەگەر كوچىدا جەسەت،
قان دېغى ۋە قالدۇق پۇل-قولنى
تۆكۈرمە......
چانىقىڭدىن ئاققۇزمىغىن ياش
كۆرسەڭ ئەگەر گېزىتتە سۈرتكەن
يەر يۈزىگە يامرىغان قاننى،
بۇرنىمىغىن بېشىڭنى،
تۆكۈرمە،
كۆزۈڭ يوقتەك ئۆتۈپ كېتىۋەر.
بىزنىڭ مۇشۇ زامانىمىزدا
كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىنەمدۇ كۆز؟
قىزىلگۈل، ساپ ھاراق ۋە ئىسسىق قانلار
ھەنىۋاسى بىر يولدىكى يۈك...
تالاشماڭلار، چەكمەڭلار ھەسرەت،

ئېرىشكىنىڭلار قول سودىسى، بەس،
سائەت ئۇنى ئېسىپ ئۆتتى قوللار نالىلىرىنى.
بىر قىزچاق بار ئىدى مەلىكە ئاتلىق،
بوي-بەستى كېلىشكەن،
ئەمما ساۋاتسىز......
قاراقچىلار تاشلاندى ئاڭا،
ئويلىدى ھەممىسى سېتىشنى ئوبدان.
ئۇلار بەس-بەس بىلەن تىكتى دوغا پۇل،
بىر-بىرىگە قويۇشماستىن يول.
بۇ كىچىك قىزچاق
ئاچالدا يولۇقتى قاتىللىققا،
قاراقچىلار كۆرەڭلەپ تىنتىشتى ئۇنى.
ھودۇقمىغىن...قان سۇرتكەن گېزىت
ئەرزاندۇر بەكلا.
سوقۇلاردا ئېزىلگەن ۋۇجۇد
سۇنايلىنىپ ياتىدۇ يەردە،
تالاي جۇپ كۆزلەرنى چىمچىقلاتقۇزۇپ.
بىزنىڭ مۇشۇ زامانىمىزدا
كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەس كۆز،
ئاغزىڭنى چوڭ ئېچىپ يېگىن، سۆزلىمە.

تۇكۇرمىگىن،
ھودۇقمىغىن ھەم،
قەدىم ئەرەب خەلىپىلىكى كېچىسىدىكى
كىچىك بىر ئىش ئۇ.

# مەن ئاڭلايمەن

**بلاندىيانا** (رۇمىنىيە)

مەن ئاڭلايمەن
بىراۋ ماڭا ئەگىشىپ كىرىدۇ ئايغا،
ئىزلىرىم ئىچىگە تېرىدۇ گۈللەر،
ئاقىلانە قەدەم — نىلۇپەر،
خاتا باسقان قەدەم — مۆدۈر-دۆڭ.

مەن ئاڭلايمەن
بىراۋ ماڭا ئەگىشىپ كىرەر قۇياشقا،
ئىزىمدا قۇشلارغا باستۇرار تۇخۇم،
ئاقىلانە بىر قەدەم — پاختەك،
خاتا باسقان بىر قەدەم — كاككۇك.

مەن ئاڭلايمەن
بىراۋ ماڭا ئەگىشىپ كىرەر ئەبەدىيلىككە،
ئىزلىرىمغا قويۇپ قويار تىل،
ئاقىلانە بىر قەدەم — قوش پەش،
خاتا باسقان بىر قەدەم — شېئىر.

## دادا

ھوقۇقۇم يوق قارار قىلىشقا.
ئايلىنار ئاتوم قۇم دانچىلىرىغا،
قۇم دانچىلىرى ئايلىنار تاشقا،
تاش ئايلىنار ھەرپكە،
ھەرپ بىخلار يارار، چېچەكلەر،
پەيدا قىلار تاق سۆزلۈك مېۋە،
ھايۋاناتقا ئايلىنار تاق سۆز،
ھايۋاناتلار كۈيلەر، تۈغشار.
ھوقۇقۇم يوق قارار قىلىشقا.
ھامىلدار جۈملىنى كۆرگەن چېغىمدا،
بىلمەيمەن پەقەتلا
دادام كىم؟

(ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى)



# ئازاپ دېڭىزىدىكى مەھبۇس

(ئەدەبىي ئاخبارات)



جاك چېڭگۇك

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## بەشىنچى باب

يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

ئىشىككە يېقىنچە يۆلىنىپ تۇرغان دېلېچۇەنشيۇنىڭ قەلب ئاسمىنىنىمۇ قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى.

ئۇ شورۇڭنىڭ ئۆزىنى ئەرز قىلغانلىقىنى ئۇققانىدى، بۇ ئۇنىڭغا تاسادىپىي تۇيۇلمىدى. ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قويۇۋەتمەيدىغانلىقى، بۇ كۈنىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەن مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلى بىر كۈنمۇ ئارامدا ئۆتمىدى. ئۇ ھەردائىم ئىككى كۆلەڭگىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. بۇنىڭ بىرى بۇرۇنقى ئېرى شىن چېڭداۋ، يەنە بىرى ئوغلى شورۇڭ ئىدى.

ئۇ ئۆز-ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەسكى، ئەڭ رەزىل ئايال دەپ قاراپ، ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدىغان ۋەيلۇن دوزاختا مەھكۇم بولۇشىنى، جىسمىنىڭ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كىشىلەرنىڭ تىل-ھاقارىتى ۋە خورلۇقىغا كۆمۈلۈپ

كېتىشىنى كۈتتى.

ئەمما ئۇ يەنىلا پۇشايمان قىلمىدى.

ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى ئاخىرى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە تەگدى. گەرچە مۇشۇنى دەپ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنى خالىمىغان بىگۇناھ جانغا قەست قىلغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-بالا مېھرىدىن ئىبارەت غايەت زور بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ شۇنداق قىلدى.

ئۇ ئۇزۇن كېچىلىرى جۇجېڭشىن بىلەن شىبىنچېڭداۋنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ، قەغەز كۆيدۈرۈپ تەزىيە بىلدۈرگەنمۇ بولدى.

ئاكىسىغا ئۇزۇن قېتىم پۇل ۋە ئاشلىق بېرىپ، شۇرۇڭلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغانمۇ بولدى.

گەرچە ئۇ ئوغلىنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆز گۇناھىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەنلا تىلىيەلىدى.

يامغۇر يەنىلا ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئۈن-تىن چىقارماي يېغىۋاتاتتى.

— چۇەنشيۇ، كارىۋاتقا چىقىپ بىردەم يېتىۋالساڭچۇ، سېنىڭ بىرنىمە يېمىگىنىڭگە ئىككى كۈن بولدى، ھەي...

— جۇجېڭشىن چىرايى تۈتۈلغان ھالدا ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

دېڭچۇەنشيۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا قەدەممۇ-قەدەم سىلجىپ بېرىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆز چانىقىدىكى ياشنى ئېرتىۋەتتى:

— جېڭشىن، بۇ قېتىم باشقا كەلگەننى تارتماي ئامالىمىز يوق ئوخشايدۇ، شۇرۇڭنىڭ مىجەزىنى مەن ھەممىدىن ياخشى بىلىمەن.

ئۇ جۇجېڭشىنغا تىكىلىپ ئېچىنىشلىق تەلەپپۇزدا سورىدى:

— مەن تۇرمىگە كىرىپ كەتسەم پۇشايمان قىلىپ مەندىن نەپرەتلىنەرسەنمۇ؟

جۇجېڭشىن ھاڭۋاقتان پېتى دېرىزىنىڭ سىرتىدا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىدى، ئۇ بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. مۇشۇ ئون يىلنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. دەككە-دۈككىچىلىك بىلەن غەم-ئەندىشە، پۇشايمان بىلەن مەنىۋى ئازاب ئۇنىڭ ۋىجدانىنى يەتكىچە قىينىغانىدى.

دېڭچۇەنشيۇ ئۇنى تۇرتۇپ قويدى:

— گەپ قىلساڭچۇ.

جۇجېڭشىن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ دېڭچۇەنشيۇنىڭ مۇزدەك قولىنى ئاستا سىلىدى:

— بىز خاتا قىپتۇق، ئاشۇ ئىشنى قىلمايدىغان

گەپكەندۇق. باللارنى تازا جاپاغا قويدۇق. شۇرۇڭ بىزنى ئەرز قىلغان بولسا جىنايىتىمىزگە يارىشا جازاسىنى تارتقۇدەكمىز.

دېڭچۇەنشيۇ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى:

— ئۇنداقتا سەن مەندىن نەپرەتلىنىدىكەنسەن-دە!

— ياق! — جۇجېڭشىن ناھايىتى كەسكىن جاۋاب بەردى، — مەن كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، كېيىن دوزاختا چۈشۈپ قالساڭمۇ، مەن يەنىلا سەن بىلەن بىرگە بولىمەن. نەپرەتلىنىشكە توغرا كەلسە ئەينى چاغدا سېنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمىغىنىمدىن نەپرەتلىنىمەن، ئەسلىدە باشقا يوللارمۇ بار ئىدى، بۇ تۇيۇق يولدا ماڭمىساق بوپتىكەن!

يامغۇر ئاستا-ئاستا توختىدى. ئۆگزىدىن «تىك... تىك» قىلىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىسى بوسۇغىنىڭ ئالدىدا بۈژغۇن چاچرىتىپ تۇراتتى. بۇلۇتنىڭ سۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئاسمان بارا-بارا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. خىرە تۇرغان ئۆي ئىچىمۇ بارغانسېرى يورۇدى. دېڭچۇەنشيۇنىڭ مەھكەم تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلدى، تاتىراڭغۇ مەڭزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈردى، قورۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە چوڭقۇر مۇھەببەت چاقنىدى، جۇجېڭشىننىڭ سۆزلىرى ئۇنى بەختىيارلىققا چۆمۈلدۈرۈپ مەست قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇ جىمى نەرسىدىن، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلسىمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما ئۆزىگە تەئەللۇق مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايتتى. جازا مەيدانىغا بېرىپ ملتىققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ پۇشايمان قىلمايتتى.

ئۇ جۇجېڭشىننىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىدىن قوللىرىنى سۇغۇرۇۋالدى:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ئازراق تاماق ئەتكىن!

ئۇ جۇ ئائىلىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يېنىش-يېنىشلاپ ئۇۋۇلايتتى.

ئاسمان ئۆڭتۈرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك ھەممە نېمە ئۇچقاندەك چۆگىلەيتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئەمما ئوغلى ھەقىقەتەنمۇ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. بويى ئۆسۈپتۇ، ئەمما جۇدەپ قاپتۇ. باللىق چاغلىرىدىكى گۈدەكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى، ئۇنىڭدىن مۇز، نەپرەت ئۇچقۇنى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ بارغىنىچە ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ قانغۇدەك يۈرۈۋېلىشنى ئويلىدى، ئەمما قەدىمىنى يۆتكىيەلمىدى.

— ئانا، ياخشىمۇسىز، مەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى شۇرۇڭ ئاۋازى تىترىگەن ھالدا.

ئۇ ئانىسىغا بىرىنچى قېتىم قارىغىنىدا ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدى: قىرىق نەچچە ياشتا تۇرۇقلۇق چاچلىرى كۆكۈش رەڭگە كىرگەن، قاپقارا چاقناپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن قورۇقلار دەستىدىن چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ قالغان؛ ئەسلىدىكى يۇمشاق ۋە ئاپئاق تېرىسى يىرىكلىشىپ سارغىيىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىزلا ئاچچىق بىر ھەسرەت ۋە ئەلەم قوزغالدى.

دېلىچۇەنشيۇ ئوغلىنىڭ «ئانا» دېگەن سۆزىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئانىغا ئۇزۇندىن بويان تونۇشلۇق، يەنە كېلىپ ناتونۇش بولغان بۇ سادا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاق كۆمۈلۈپ ياتقان قان-قېرىنداشلىق مېھرىنى، پەرزەنتلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشنى ئويغاتتى. قاتتىق پۇشايمان ۋە ئۆز-ئۆزىدىن كايىش تۇيغۇسى قەلبىدە ئۆركەشلەپ كۆۋەجىدى. ئۇ ئىختىيارسىزلا يەرگە قارىۋېلىپ شۇرۇڭنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

جوجېڭشىن شۇرۇڭنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ غىپپىدىلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئايرىلغىنىغا ئون يىل بولغان ئانا-بالا بىر-بىرىگە قارىشىپ جىممىدە ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي كەيپىياتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. كۆز يېشى قۇرۇپ كەتكەن ئانا يەنىلا تارام-تارام يىغلاپ ئولتۇراتتى، نەچچە ۋاقتىن تاماكا چېكىپ باقمىغان ئوغلى تاماكىنى ئۇلاپ چېكىۋاتاتتى.

ئاخىرى يەنىلا ئوغلى ئېغىز ئېچىپ ئانىسىغا ھەربىي سەپكە كىرگەنىدىن كېيىنكى ئۆگىنىش، خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسىنىڭ بېيجىڭدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئانىسى:

— شۇرۇڭ، سەن ئىنىلىرىڭ ۋە سىڭلىڭ بىلەن جاپا چەكتىڭ، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجىلمەن، مېنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتىم قالمىدى. ئوغلى:

— بىز ھازىر ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ياشىيالايمىز، بىزدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىزنىڭ يۈز كېلەلمەيدىغىنىڭىز ئاتام.

— ...

— ئانا، ئون يىل بولدى، قىسىمدا ھەمىشە سىزنى سېغىندىم، ئەمما ئاتامنى ئويلىساملا سىزدىن نەپرەتلەندىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئارامىدا ئۆتتىما! ئاتامنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سىز تازا ياخشى بىلىسىز، جوجېڭشىنمۇ تازا ياخشى بىلىدۇ. ئۇ چاغدا كىچىك ئىدىم، ئاتام بىلەن قانچىلىك چوڭ زىددىيىتىڭىز بارلىقىنى بىلمەيتتىم، جوجېڭشىن بىلەن بولغان مۇھەببىتىڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنىمۇ ئۇقمايتتىم. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ئاتامنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن پۈتۈن تىرىك بىر جان-دە! سىز باغرىڭىزنىڭ ئىنتايىن قاتتىقلىقىنى، بەك شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىڭىزنى تۇيمىدىڭىزما؟! سىز شەخسىي ئارزۇيىڭىز ۋە مەخپىيىتىڭىزنى دەپ ئېرىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، بالىلىرىڭىزنى تاشلىۋېتىشتىنمۇ ئايانمىدىڭىز، ئەجابا ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ۋىجدانەن ئىش قىلىپ گۇناھىڭىزنى يۇيۇش نىيىتىگە تېخىچە كەلمىدىڭىزما!

— ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇرۇڭ، ئەمدى سۆزلىمە ...

— ئانا، مەن سىزنى ج خ ئىدارىسىگە ئەرز قىلدىم، بەلكىم بۇنى بىلگەنسىز. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئىشنى ئون يىل بۇرۇنلا قىلىشقا باشلىغان. مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز، شۇنداقلا ئاتامنىڭمۇ ئوغلى. ناۋادا ئاتام سىزگە مۇشۇنداق قىلغان بولسا ئۆۋالچىلىقتا كەتكەن روھىڭىز ئارام تاپارمىدى؟ ئوغلىڭىزنى قانداق قىلسۇن دەپ ئويلايتتىڭىز؟ ئانا، سىز نېمىلا دېگەنبىلەن مېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن، تەربىيىلىگەن ئانام، سىز مېنى ۋە ئىنى-سىڭىللىرىمنى ئانىسىدىن جۇدا قىلدىڭىز، مەن ۋە ئىنى-سىڭىللىرىم ئەمدى ئانىسىنىڭ جازا مەيدانىغا مېڭىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ. بۇ قېتىم مەن قىسىمدىن سىزنى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرسۇن، شۇنىڭدا ھايات قېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن، دېگەن مەقسەتتە رۇخسەت سوراپ كەلدىم. ئانا، مەن بىلەن ئۇكىلىرىمنىڭ بىر غېمىنى يەپ قويىسىڭىزچۇ؟

— ... ...

بارا-بارا قاراڭغۇ چۈشتى. ئانا-بالا ئىككىيلەن چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن پاراڭلاشتى، شىبىن شۇرۇڭ ئانىسىغا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. دېلىچۇەنشيۇ تىنماي كۆز يېشى قىلدى، پەرزەنتلىرىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى دېگەندىن سىرت باشقا بىرەر گەپمۇ قىلمىدى.

شۇرۇڭ ئانىسىغا يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلدى، ئەمما ئۇ دېلىچۇەنشيۇنىڭ شۇ تاپتا ئىنتايىن مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى:

ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭلا ئىشى بولغان بولسا، ئۇ شۇ زاماتلا ئوغلى بىلەن بىللە ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، كاللىسى كەتكەن تەقدىردىمۇ قىلچە ئىككىلەنمىگەن بولاتتى. ئۇ جوجېڭشىننىڭ چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن گۆش بىلەن قاندەك بولۇپ كەتكەنىدى، ئوي-پىكرى بىر يەردىن

چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچى ئۆزى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسمىتى ئارقىسىدا ئۇنىڭغا ئامالسىزلىقتىن ياردەملەشكەنىدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، جۇجىگىشىن شۇرۇگنىڭ ئەرز قىلغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەر ج خ ئىدارىسى تەكشۈرۈپ بىلىپ قالسا مەن قىلدىم دەپلا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھەرگىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىملاپ ئېيتقانىدى. جۇجىگىشىننىڭ گۇناھسىزلىقى، ئۆزىنىڭ كاساپىتىگە كېتىۋاتقانلىقى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئايان ئىدى، ناۋادا ئۇ راستىنىلا شۇنداق قىلسا ئۇنىڭ ئېچىشىۋاتقان يۈرىكىگە تۇز سەپكەندەكلا ئىش بولاتتى...

ئۇ بۇلارنى ئوغلىغا دېيەلمەيتتى، كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان غەم-غۇسسە ۋە قورۇنۇش ئىچىدە يىغىسىغىلا زورلايتتى. ئوغلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سەممىيىتى ۋە كۆيۈمچانلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىڭنە تىققاندەك ئازابلايتتى. ئوغلى مۇشۇنداق قىلغانسېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ، ئۆزىگە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغان باللىرىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى شۇنچە ھېس قىلاتتى.

تاڭ يەنە ئاستا-ئاستا يورۇدى.

خورازنىڭ چىللىشى يېزىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

دېلىچۇەنشيۇ يەنىلا ئويغانمىدى.

شېن شۇرۇڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى.

يىغا. سۈكۈت.

— ئانا، ماڭا ماقۇل دەڭ! — دېدى شۇرۇڭ يالۋۇرغاندەك.

سۈكۈت، يىغا.

— ئانا، گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ — دېدى شۇرۇڭ جىلە بولۇپ.

— شۇرۇڭ، ئەمدى ماڭا نەسىھەت قىلما، — دېدى دېلىچۇەنشيۇ شۇرۇگنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، — مېنى جىنايىتىمنى ئىقرار قىل دېگىنىڭدىن كۆرە ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ تۈزۈك!

شېن شۇرۇڭ خۇددى كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى بىردىنلا توڭلاپ قالغاندەك بولدى، ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى شارتتىدە سىلكىۋېتىپ ئېتىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.

شېن شۇرۇگنىڭ شۇنچە يىراقتىن روخسەت سوراپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىدە ئانىسىغا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق ھايات-يولى تېپىۋېلىشنى نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسىتى بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي ئەجرى بىكارغا كەتتى. ئۇ ئانىسىدىن ئۈمىدىنى چورتلا ئۈزدى. ھەممە ئەلەم بىلەن مۇنداق ئويلىدى: ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئانام نېمىشقىمۇ ئەس-ھوشىنى تېپىپ ئېغىر جىنايىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بويماىدىغاندۇ؟ ئۇ راستىنىلا ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ؟

ئۇ جۇ ئائىلىسىدىن چىققاندىن كېيىن تاڭ سەھەردىكى تۇتەك-تۇماندا بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىۋېرىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاتىسىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ قالدى.

سوغۇق شامال غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، چوقچىيىپ تۇرغان قەبرىنى كۆمەتتى. ئۇ جىممىدە ياتقان ئاتىسىغا نېمىلەرنى دېيىشنى ئۇقالمىدى.

ئون يىللىق دەرد-ئەلەمنى ياكى جان تىكىپ كۆرمىش قىلىش جەريانىنى دېسۇنمۇ؟

ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسىغا تەسەللى بېرەلەيدىغىنى ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسىنى بېقىپ ئاخىرى قاتارغا قوشقانلىقى، قىساس ئېلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئاخىرى باسقانلىقى ئىدى.

لېكىن ئۇ ئاتىسىغا ئانىسىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دېيەلمەيتتى.

قەبرە بېشىدىكى سارغىيىپ كەتكەن ئوت-چۆپلەر غۇيۇلداپ ئۆتكەن شوخ شامالدىن شىلدىرلىغىلى تۇردى، ئۇ ئاتىسىنىڭ خاتىرجەم ياتالماي ئۆزىنى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالدىڭ دەپ ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ئۇ قەبرە ئالدىغا ئىختىيارسىزلا تىزلاندى-دە، ئىچىدىكى دەرد-ھەسرىتىنى قايتا-قايتا تۆكۈپ ئاتىسىدىن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈندى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتىسى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرىكى مەنزىرە يەنە گەۋدىلەندى: ئۇ كېسەل كارىۋىتى ئالدىدا ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى بىلەن ئاتىسىنى چۆرىدىۋېلىپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا تۇرۇلدى. ئاتىسى ئاخىرى كۆزىنى مىڭ تەسلىكتە ئېچىپ ئۇنىڭغا ۋە ئىنى-سىڭىللىرىغا قاراپ چىقتى. ئاندىن نەزىرىنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ قورايدەك قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنى مەھكەم تۇتىۋالدى-دە، ئېغىزىنى بىرھازاغىچە ئۈمەللەپ زورۇققان ھالدا ئاخىرقى گېپىنى دەۋالدى: «شۇرۇڭ، ئىنىلىرىڭغا، سىڭلىڭغا ئوبدان قارا، ئاناڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا...» ئۇ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، ئاتىسى بەك ياۋاش ئىدى، ياۋاشلىقتا ھاياتىنى تەقدىر قىلىۋېتىپمۇ بىلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ئاتىسىنىڭ شۇنداق ساددىلىقى، يەنە كېلىپ ئانىسىنىڭ شۇنداق جاھىللىقى شۇرۇگنىڭ كىچىككىنە قەلبىنى دەرد-ھەسرەت ئىلكىدە قىينىدى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ

ئۇۋالچىلىقنى ئاقلاش ئىرادىسىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈردى.

ھازىر ئاتىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم: «مەن قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. ئەمدى ئاتامنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئانامنى جەزمەن جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى.

كۈن چىقتى، ئاپئاق ئاپتاپ تۇمانلارنى تارىتىۋەتتى، شۇرۇگىنىڭ قەبرە بېشىغا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنىمۇ قۇرۇتىۋەتتى. سۈپسۈزۈك ئاسمان پايانسىز كەتكەن جىمجىت دالىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، غۇر-غۇر شامال چىقىپ تۇراتتى، شىبىرچىگداۋ ئوغلىنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك، ئۈستىدىكى ئوت-چۆپلەر ۋە غازاڭلارنى سىلكىپ ئوغلىنىڭ قەتئىي ۋە جىددىي تۈس ئالغان چىرايىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

شۇرۇك قەبرىگە ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ ئاتىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تەدرىجىي ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇرۇك تاغىسىنى يوقلاپ باردى.

تاغىسى ئانىسىدىن ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ تاغىسىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ھەممىدىن يېقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك مويسىپىت دەپ قارايتتى. كىچىك چاغلىرىدا ھەر يىللىقى قىشلىق ۋە يازلىق تەتىلنى تاغىسىنىڭكىدە ئۆتكۈزەتتى. كىچىك ئاپىسى ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى غىزالارنى ئېتىپ بېرەتتى، تاغىسى ھەمىشە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئادەم بولۇشنىڭ يولى ۋە غايە توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى؛ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ھايات نىشانىسىنى تىكلەپ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ چوڭ بولغاندا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھەققىدە تەلىم بېرەتتى. تاغىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاممىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ياماندىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، يۇقىرىلار ئۈچۈن گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان پەزىلىتى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ چوڭ بولغاندا تاغىسىدەك ئادەم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئاتىسى قازا تېپىپ، ئانىسى ياتلىق بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئۇنى، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسىنى تاشلىۋەتمەي يۆلەپ چىقىرىپ ئوقۇتتى، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ باقتى، ھەر يىلى تېخى ئۇلارغا بىرنەچچە قۇر يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ بەردى.

ئۇ تاغىسىنىڭ شۇنداق زور مېھىر-شەپقىتىنى ئۇلىسمۇ ئۇنتۇمايتتى...

تاغىسى شۇرۇگىنىڭ قىسمىدىن قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلاندى-دە، رايونغا بېرىپ رۇخسەت سوراپ كەلدى، چوڭ ئاپىسى جىيەن ئوغلىنىڭ چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن يۇدى، ئاندىن شۇرۇك ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەيلەرنى ئېپكەلدى.

شۇرۇك يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلدى. تاغىسى ۋە چوڭ ئاپىسىنىڭ مېھرىبانلىقى ئۇنىڭ ئانىسىنى يادىغا سالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئانىسىنى ئەرز قىلغانلىقىنى بىلىش-بىلمەسلىكى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. تاغىسى بىلەن ئانىسى نېمىلا دېگەنبىلەن بىر تۇغقان قان-قېرىنداش، ئۇ جىيەن ئوغلىنى رەھىمسىزكەن دەپ ئەيىبلەرمۇ؟

مەززىلىك غىزالار جوزىغا كەلتۈرۈلدى، تاغىسى شۇرۇگىنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ رومكىدىن بىرنى قويۇپ قويدى. شۇرۇگىنىڭ ياش يۈقى يۈزىنى ۋە پەرىشان ھالىتىنى سەزگەن تاغىسى ۋە چوڭ ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىگەندەك قىلدى، ئەمما ئېغىز ئېچىپ سوراشنى بىئەپ كۆرۈپ لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇۋەردى.

شۇ تەرىقىدە بىرھازاغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن تاغىسى زورۇققىنىچە كۈلۈپ، ئارىلىقتىكى جىددىي كەيپىياتنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇردى:

— شۇرۇك، ھاڭۋاقمىساڭچۇ، مەن ئاۋۋال قىسمىدىن بىزنى يوقلاپ كەلگىنىڭنى قارشى ئېلىپ بىر رومكا ئىچىۋېتەي.

كۆزلىرى ۋىلىلدە قىزارغان شۇرۇگمۇ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— تاغا، چوڭ ئاپا، سىلەر خەۋەر ئالمىغان بولساڭلار، مېنىڭ، ئىنىلىرىمنىڭ ۋە سىڭلىمنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى بولمىغان بولاتتى، مەن بۇ ھاراقنى ئالدى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچىمەن!

چوڭ ئاپىسى شۇرۇگغا ئالىيىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە كايىدى:

— ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىمىز، مۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قىلما. يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ پاچىقىڭغا سالىمەن. ئاله، ئولتۇرۇپ يە.

شۇرۇك چوڭ ئاپىسى چوكا بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سەينى يېگەچ ئولتۇرۇپ، يۈرىكىنى پىچاق بىلەن قوچىغاندەك ئازابلاندى، ھەقىقەتەن تاقەت قىلالماي جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— تاغا، چوڭ ئاپا، بىر ئىشنى سىلەرگە دېمىسەم بولمىدى...

تاغىسى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندەك رومكىسىنى كۆتۈردى:

— هېچنېمىلا دېمەي قوي، بىز مىڭ تەسلىكتە بىر يەرگە جەم بولدۇق. بۈگۈن يەپ-ئىچىشنى ئاساس قىلمايلى، ۋاقىت دېگەن تولا، گەپ بولسا كېيىن قىلىشارمىز.

— ياق! — شۇرۇق چوكىسىنى قويۇپ قويدى، — بۇ گەپنى سىلەرگە ھازىرلا دېمىسەم بولمايدۇ.

تاغىسى رومكىسىنى ئاستا قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى:

— قېنى دە، نېمە ئىشتى؟

— مەن ... — دەپ دۇدۇقلىدى شۇرۇق، — مەن ئانامنى...

— چوڭ ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتۇق، — دېدى تاغىسى ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا، — ئاناڭنىڭ قىلغىنى ھەقىقەتەن توغرا بولمىدى، ئۇ ئاكا-ئۇكا تۇتىڭلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىدى، — شۇرۇق ئۇنىڭغا لەيىدە قارىدى، تاغىسى داۋاملىق سۆزلەۋەردى، — بۇ ئىشنى ئاۋۋال ماڭا دەپ قويۇشۇڭ لازىم ئىدى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، سەن ئاناڭنى ئاتامنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرگەن دەپ ئەرز قىلىپسەن، مېنىڭچە مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەن ئاناڭنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىمەن، گەرچە ئۇ ئاتاڭنى ئىزچىل تۈردە يامان كۆرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇنداق ياۋۇزلۇقنى قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالمىدى.

— تاغا، — شۇرۇق ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى، — ئاتامنى ھەقىقەتەن ئانام ئۆلتۈردى، مەن ئانامنىڭ زەھەر سالغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن!

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى تاغىسى يەنىلا شۈبھىلەنگەن قىياپەتتە، — ئاتاڭ ئۆلگەندىن كېيىن مەن بەزى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا ئۇنىڭ كېسەل تارىخىنى كۆرۈشكە ئالايىتەن بارغان، ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ جىددىي خاراكتېرلىك ئۆچەي ياللۇغى، ئۆلۈش سەۋەبى كالىينىڭ كەملىكىدىن پۇت-قوللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى دەپ يېزىلىپتىكەن. مەن تېخى ئاناڭ بىلەن ناھايىتى جىددىي يوسۇندا بىر قېتىم سۆزلەشكەن، ئۇمۇ بۇ ئىشنى ئىنكار قىلغان. سەن بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

شۇرۇق تىت-تىت بولۇپ كەتتى:

— تاغا، ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن مېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانام، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئاساسسىزلا گۇمانلىنىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، ئەگەر ئانامغا ئۇۋال قىلىپ قويىدىغان بولسام سىزنىڭ ھەرقانداق جازايىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا رازىمەن!

چوڭ ئاپىسى كەينى-كەينىدىن خورسىنىپ ئولتۇراتتى.

تاغىسى جىيەن ئوغلىغا ھەدەپ نەسىھەت قىلىۋاتاتتى. شۇرۇق ئۆز ئىستىھكامىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغداۋاتاتتى.

— شۇرۇق، بىلەمسەن، ئاتاڭ تۈگىگەندىن كېيىن ئاناڭ سىلەرنى تاشلىۋەتمىدى، سەن ئۇ بەرگەن نەرسىلەرنى بىرنەچچە قېتىم رەت قىلغاندىن كېيىن ماڭا بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە گەپ قىلمايلا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتى، مەن سىلەرگە بەرگەن پۇل ۋە ئاشلىقنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇ بەرگەن... — تاغىسى ئىچىنى ئۇزاقتىچە سىقىپ كەلگەن مەخپىيەتلىكنى ئاخىرى دەۋەتتى.

شۇرۇق تاغىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قارىخىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— راست شۇنداق، — دېدى چوڭ ئاپىسى شۇۋىرلاپ.

شۇرۇق ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، ئەمما مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى ناھايىتى تېزلا تىزگىنلىۋېلىپ خاتىرجەم ھالدا سۆزلىدى:

— بۇنى بىلمەپتىمەن، شۇ چاغدا دېگەن بولسىڭىز ئالمايتتىم. مۇھەببەت دېگەن مۇھەببەت، قىساس دېگەن قىساس، مەن زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئىشنى قىلالمايمەن، ئاتا-ئانامنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى مەن ئۈچۈن ئوخشاش، ئانامنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ تۆلەيمەن، ئەمما ئاتامنىڭ بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان شەپقىتىنى تېخىمۇ قايتۇرىمەن!

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، — دېدى تاغىسى يەنىلا نىيىتىدىن يانماي، — سەن ئاۋۋال ئەرزىڭنى قايتۇرۇۋېلىپ ماڭا ئازراق ۋاقىت بەر، مەن ئاناڭ بىلەن يەنە سۆزلىشىپ باقاي. ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا، ئۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدا ھېسابلىشايلى، بولامدۇ؟

— ھاجىتى يوق! — دېدى شۇرۇق كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئانام بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ پۈتۈنلەي نىيىتىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس تاغا، بىز يەنىلا قانۇنغا ئىشىنەيلى، ئۇ ھەممىدىن ئادىل!

تاغىسى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ رومكىسىنى نائىلاج كۆتۈردى-دە، ئاچچىق ھاراقنى غورتتىدىلا ئىچىۋەتتى...

## ئالتىنچى باب

دېڭيۈەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭدىكى چۈەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارنى سىرتتىن رازۋېت قىلىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. بارلىق

يىپ ئۇچلىرى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى. نۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلارمۇ بىر-بىرلەپ ئېنىقلاندى.

شىنچېڭداۋنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشىدە دېڭچۈەنشيۇ بىلەن جۇجېڭشىن ھەقىقەتەنمۇ گۇمانلىق بولۇپ چىقتى.

مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى شياۋچېڭگالىڭ دېڭچۈەنشيۇ ۋە جۇجېڭشىن بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئۇچرىشىشنى قارار قىلدى.

ج خ كادىرلىرى جۇ ئائىلىسىگە كېلىپ ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم سوراق قىلدى.

دېڭچۈەنشيۇ ئاللىقاچانلا ھازىرلىق كۆرۈپ قويغاندەك تۇراتتى، شۇڭا شىنچېڭداۋغا يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، دەپ تۇرۇۋالدى.

جۇجېڭشىن ئالاقزادە بولۇپ تاققا-تۇققا سۆزلىگىلى تۇردى. بىردەم شىنچېڭداۋغا يۈز كېلەلمەيمەن دېسە، بىردەم شىنچېڭداۋنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيمەن دېدى. دېڭچۈەنشيۇنىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. كېيىن ئۇ بىراقلا يەرگە قارىۋېلىپ ھېچقانداق مەسىلىگە جاۋاب بەرمىدى.

شياۋچېڭگالىڭ ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ ئۇلارغا تەدبىر قوللانمىدى، ئۇلارنى ۋاقتىنچە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى.

بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنىڭ ئاچقۇچى جەسەتنى تەكشۈرۈش ئىدى.

ئىدارە خىزمەت يىغىنى مۇزاكىرىدىن كېيىن جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ بۇ تەلىپىنى تەستىقلىدى.

1990-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنى چۇشيەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى دىڭيۈەن ناھىيىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ يەرلىكنى ئېچىپ جەسەت تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

چۈشتىن كېيىن جىنايى ئىشلارنى رازۋېت قىلىش خادىملىرى سەنتاگسۇن كەنتىگە يېتىپ باردى. كەنت ئاھالىسى ج خ كادىرلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىپ قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى تازىلىدى.

قەبرىنى ئاچىدىغان چاغدا رازۋېتكا خادىملىرى داغدۇغا پەيدا قىلىپ، بۇ ئىشنى ئەتەي دېڭچۈنشيۇ، جۇجېڭشىنلارغا كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئۇلار ئىككىسى دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قاتتىق ئالاقزادە بولدى.

كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دېڭچۈەنشيۇ ۋە جۇجېڭشىننى مەخپىي كونترول قىلدى.

شىنشورۇڭنىڭ ئۆتتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ج خ ئورۇنلىرى ئۇنىڭ قەبرىنى ئېچىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا قوشۇلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يېگانە قەبرىسى ئالدىدا تۈرلۈك-تۈمەن خىياللارغا كېلىپ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ئىسسىق ياشنى توختىتالمىدى. ئون يىلدىن بۇيان ئۇ كۆرمىگەن جاپالارنى تارتىپ ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى بىلەن كۈنلىرىنى مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدى، ئۇنى قىساس ئېلىش ئىشەنچىسى يۆلەپ كەلدى. 3600 دىن ئارتۇق كېچە ۋە كۈندۈزدە ئۇ قىساس ئېلىپ نومۇسنى ئاقلاش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆردى، ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن ئانىسىدىن ئاتىسىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن قانۇننى جاپاغا چىداپ ئۆگەندى. مانا ئەمدى بۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياشقا توشقان كۆزى قەبرە ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان شياۋچېڭگالىڭغا چۈشۈپ ئىچى ئىسسىق بولدى. ئۇ بىر سىناپ باقمايمەنمۇ دېگەن ھېسسىياتتا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغاندا ياماندىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان، ئىرادىسىدىن قەتئىي قايتمايدىغان بۇ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا ياردەم بەردى. ئۇ خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇنغا بولغان سەممىي-ساداقىتى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى.

شىنشورۇڭ بىرىنچى كۈرجەك توينى ئۇسسۇۋېتىپ:

« ئاتا، كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ تۇرۇڭ، توپا كىرىپ كەتمىسۇن، بالىڭىز قىساسىڭىزنى ئالىدىغان بولدى! » دەپ ئويلىدى.

قەبرە ئېچىلدى.

گۇەنسەيمۇ ئېچىلدى.

تېخنىكىلىق رازۋېت خادىملىرى ئۇنىڭ پۇت سۆڭەكلىرى بىلەن قوۋۇرغىلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تېرىۋالدى.

تېخنىكا بۆلۈمىدە تېخنىكىلىق رازۋېت خادىملىرى سۆڭەكلەرنى جىددىي تۈردە تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شياۋچېڭگالىڭ دېڭچۈەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارنى نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى.

دېڭچۈەنشيۇ بىلەن جۇجېڭشىننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى، ج خ كادىرلىرىنىڭ قەبرىنى ئېچىپ جەسەتنى تەكشۈرگەنلىكى ئۇلارغا ئۆلۈم كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى جۇجېڭشىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، دېڭچۈەنشيۇغا:

— چۈەنشيۇ، بىز بېرىپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلايلى، بەلكىم شورۇڭنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇقتۇر، ج خ ئىدارىسى سەل كەڭچىلىك قىلار، — دېدى.

دېڭچۈەنشيۇ سەل جىمىپ كېتىپ:

— ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلساق مەيلى، ئەمما مەن

باراي، سەن ھەممىنى ماڭا دۆڭگەپ قوي، — دېدى.

جۇجېڭشىن قەتئىي تۇردە:

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ ئىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. مەن تۇرغان يەردە ئۇلۇمنىڭ ئۆۋىنى ساڭا كەلمەيدۇ! — دېدى.

دېڭچۇەنشيۇ يىغلىۋەتتى:

— ئۇنداقتا، ج خ ئىدارىسىنىڭ بىكىسى بولسا ئىككىمىزنى نەق ئۆلتۈرسۇن، ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلغىلى ھېچقايسىمىز بارمايمىزا!

جۇجېڭشىن ئامالسىزلىقتىن قايتا كەپ قىلمىدى.

1990-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى دىگيۈەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى چۇشيەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى بىلەن بىرلىكتە شىنچېڭداۋنىڭ سۆڭىكىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى: سۆڭەكتە زەھەرلىك ماددا بار، دەپ چىقاردى.

شۇ كۈنى دېڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلار قانۇن بويىچە قاماققا ئېلىندى.

خاراكتېر ئېكىنتىشتە دەل بولۇشنى، بىرمۇ خاتالىق چىقماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شياۋچېڭگاڭ يەنە ئەنخۇي ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ جەسەت سۆڭىكىنى قايتا تەكشۈرتتى. ئارقىدىن پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دېڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭ-شىنلارنى سوراققا تارتتى، شۇ ئارقىلىق جاھىللىق بىلەن ئۆشتۈقلۈق قىلىۋاتقان ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولدى.

قاماقخانا دېڭچۇەنشيۇ بىلەن جۇجېڭشىننى رەھىمسىزلىك بىلەن ئايرىپ تاشلىدى، ئۇلارنى يوروقلۇق بىلەن ئەركىنلىكتىنمۇ ئايرىدى.

شياۋچېڭگاڭ بىلەن جاڭيۈەنجاڭ ئىككى سوراق قىلىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ھەر بىرسى بىردىن رازۋېتچىكنى ئالدى-دە، دېڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارغا قارىتا ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن جۇجېڭشىن چىداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ شىنچېڭداۋنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، بۇ رازۋېتكا نەتىجىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش چىقتى، ئەمما ئۇ بىر ۋاقىتتا قېقىزىللا يالغان ئېيتىپ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز قىلدىم، دېڭ-چۇەنشيۇ بىلمەيدۇ دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى سوراقتا ئۇ مۇشۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ قىلچە بوشاشمىدى.

دېڭچۇەنشيۇنى سوراق قىلىش خېلى تەسكە توختىدى، كەينى-كەينىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

شياۋچېڭگاڭ سوراقچى خادىملار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشتى، ئۇ سوراقچى خادىملارنى ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. چۈنكى ئۇ ۋە ياردەمچىسى شياۋلى ئەمدىلا ئۈرۈمچىدىن ھالقىغان بولۇپ، دېڭچۇەنشيۇ بىلەن ياش جەھەتتىن ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى، سوراق ۋاقتىدا بىرمۇنچە گەپلەرنى دېيىش بىنەپ ئىدى.

ئۇ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋالقۇرىنجېنى ئوتتۇرىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، ۋالقۇدۇيجاڭ دېڭچۇەنشيۇ بىلەن قۇرداش بولۇپلا قالماستىن، سوراق قىلىشتىمۇ مول تەجرىبىگە ئىگە ئىدى.

ۋالقۇرىنجې ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدىغان پىشقەدەم جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولۇپ، ج خ سىستېمىسىدا «تۆمۈر ئادەم» دېگەن نامى بار ئىدى. جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى ئۇ ۋە شياۋچېڭگاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1988-يىلى شەرەپ بىلەن 3-دەرىجىلىك كوللېكتىپ مۇكاپاتقا، 1989-يىلى يەنە بىر قېتىم 2-دەرىجىلىك كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ دېڭچۇەنشيۇنى سوراق قىلغاندا ئۇنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قوزغاپ، ئائىلىسى، بالىلىرى، ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ تۈپكى ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلىدى. دېڭچۇەنشيۇ گەپنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدىغان يېرىگە كەلگەندە يىغلاپ ئولتۇردى، ئەمما شىنچېڭداۋنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن جىنايى پاكىتىنى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

ۋالقۇرىنجې ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىگە ئۇچرىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇردى: سوراقتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، دېڭچۇەنشيۇنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى قاتتىق ساقلىشى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى، جۇجېڭشىن تىلغا ئېلىنغان ھامان ئۇ يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيارلىشىپ ۋە جىددىيلىشىپ كېتەتتى. كۆزلىرىدىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، ۋەھىمە يەۋاتقانلىقى ھەمدە قوغدىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى، جۇجېڭشىننى ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى دەپ يېنىش-يېنىشلاپ چۈشەن-دۈرەتتى.

دېڭچۇەنشيۇنىڭ ئەنزە ئەھۋالىنى قاتتىق سىر تۇتۇپ، قاتىللىق قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئاساسەن جۇجېڭشىننى قوغداش ئۈچۈنمىدۇ؟ مۇشۇ خىيال كېلىشى بىلەنلا ۋالقۇرىنجېنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز چاقناپ كەيپى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. ئۇ سوراق قىلىش نۇقتىسىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ بۇ بۆسۈش ئېغىزىنى چىڭ تۇتتى-دە، ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى.

لايىھە باشقىدىن تۈزۈلگەندىن كېيىن دېگەندەكلا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. ۋالقۇرىنجې باشقا

كەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ جۇجېڭشىننى چۆرىدىگەن ھالدا سوئال سورىدى، بىردەمدىلا دىڭچۇەنشيۇنىڭ پېشانىسىنى غۇچچىدە تەر تامچىلىرى قاپلىدى.

ۋالقۇرىنجې پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ بىمالال چېكىشكە باشلىدى، ئاندىن پەرۋاسىز بىر قىياپەتتە سۆزلىدى:

— جۇجېڭشىنمۇ تازا ئەخمەقكەن، ئىقرار قىلىپ قويسا بولمىدىمۇ، ھەممە جىنايەتنى ئۆزىگە ئارتىۋالىدىكەن، دىڭچۇەنشيۇ بۇ يەردە تېخىچە كەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭغا نېمە قويۇپتۇ!

بۇ ھىيلە زور ئۈنۈم بەردى. دىڭچۇەنشيۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ ئۆزى تىترەپ كەتتى. ئۇ لاسىدىلا يىقىلىپ چاچلىرىنى يۇلغان پېتى ئەسەبىيلەرچە يىغلاشقا باشلىدى:

— مەن دەي، ھەممىنى دەي، ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، شىېنچېڭداۋنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈردۈم...

1990-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەنخۇي ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ تېخنىكىلىق رازۋېت قىلىش ئورۇنلىرى شىېنچېڭداۋنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى قايتا تەكشۈرۈپ: چۇشيەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى بىلەن دىڭيۈەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىگە قوشۇلمىز، سۆڭەكتە مىشياك قاتارلىق ماددىلار بار ئىكەن، شىېنچېڭداۋ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

5-ئاينىڭ 7-كۈنى دىڭيۈەن ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى دىڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى.

ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغان قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ئاخىرى ئېنىقلىنىپ رازۋېت تەرتىپى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى، ج خ ئورۇنلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى تاماملاپ دىڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەرز قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شىېنشۇرۇڭنىڭ رۇخسەت ۋاقتىمۇ توشتى، ئۇ شياۋچېڭگاڭ ۋە رازۋېت خادىملىرى بىلەن خوشلىشىپ قىسمىغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يېنىدا قالغان ئەللىك يۈەنلا پۇلنى شياۋچېڭگاڭغا ئاستاغىنە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— شياۋدۇيجاڭ، بۇ پۇلنى ئانامغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭ كېسىلى بار، ئاز-تولا بىرنېمە ئېلىپ يېسۇن، ئەگەر ئۇ يەنە باشقا نەرسىلەرگە مۇھتاج بولسا ماڭا خەت يېزىپ ئېيتىپ قويسىڭىز، ئەسلىدە بۇ ئىشلارغا سىزنى ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى، ئەمما ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئانام-دە!...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆز چانىقىغا كېلىپ قالغان ياشنى يۇتۇۋېتىپ بۇرۇلۇپلا ئىتتىك كېتىپ قالدى.

1990-يىلى 7-ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى ھەربىي مۇزېيى دىڭيۈەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ لەۋھە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭغا: ناھەقچىلىك ئاقلاندى، ھەققانىيەت ساقلاندى؛ قانۇن ئۇتقاچ پاك بولنى، ھەربىي-ساقچى شادلاندى، دەپ يېزىلغانىدى. چىن شىڭخەن بۇجاڭ يەنە باش سىياسىي بۆلۈمگە ۋە ھەربىي مۇزېيغا ۋەكالىتەن سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن سوغۇرۇلغان مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتكەنىدى.

چۇشيەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئارخىپ كۆرۈش خىزمىتىنى جىددىي تۇردە ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ دېلونى تېزرەك سوراپ بىرياقلىق قىلىشنى قارار قىلدى.

## يەتتىنچى باب

سوتنىڭ تەكشۈرۈشى داۋاملىشىۋاتاتتى.

دىڭچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلار تەپتىش ئەمەلدارى شىكايەت قىلغان جىنايى پاكىتلارنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلدى.

ئەمما ئۇلار بۇ ئىشقا قارشى تەرەپنىڭ قاتناشقانلىقىنى جان-جەھلى بىلەن ئىنكار قىلىپ، بارلىق جىنايى مەسئۇلىيەتنى كۈچىنىڭ بىرىچە ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋالدى.

باش سوتچى سوت ئارىلىقىدا دەم ئېلىشنى جاكارلىدى.

سوتلاش كومىتېتى جىددىي كېڭىشىش ئېلىپ باردى.

چەتتىن قاتنىشىپ تىڭشىغۇچىلار قىسقىغىنە دەم ئېلىش ۋاقتىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشقىلى تۇردى، مۇھاكىمە ساداسى شۇنچە چوڭ سوت زالىنى غۇڭۇلدىتىۋەتتى. كىشىلەر دېگۈدەك كەپنىڭ ھەممىسىنىلا دەپ باقتى، بەزىلەر: «دىڭچۇەنشيۇ ئامالسىز قاپتۇ، شىېنچېڭداۋ ئاجرىشىشقا قوشۇلغان بولسا بۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى» دېسە، بەزىلەر: «بۇ تازا بىمەنە ئىش بوپتۇ، ئاجرىشقىسى كەلمىسە قانۇنغا تايىنىپ ھەل قىلسا بولمىدىمۇ، باللىرىنى تاشلاپ ئېرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يامىنا قانداق بولىدۇ؟! ئادەم قېلىپىدىن چىققان، ئازراقمۇ جىگىرى يوق كىشىلەرلا مۇشۇنداق ۋەھشىي ئۇسۇلنى

قوللىنىدۇ» دېيىشتى.

مەن بۇ گەپ-سۆزلەرگە ئارىلاشماي پۈتۈن زېھنىم بىلەن شىبىنشۇرۇڭ ۋە دېلىچۇەنشيۇغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. ئاخىرى ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقانلىقىنى بايقىدىم. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىدىغان، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئوتتەك يېنىپ مۇز كەبى چاقناپ تۇرغان بۇ كۆزلەر قاتتىق سوغۇقتىكى ئەگىز سۈيىگە، ئىللىق باھاردىكى جۇدۇنغا ئوخشايتتى. ئانا-بالا ئىككىيلەن بىر-بىرىگە تىكىلىشىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىيالمايدىغان ۋە ئۇقالمايدىغان تىل بىلەن يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى.

مەن باش سوتچى ۋە سوتچىلار يېتىپ كىرىپ سوت مۇنبىرىگە چىققىچە شۇ تەرىقىدە كۆزىتىپ ئولتۇردۇم.

سوتچىلار ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، كىشىلەر ئۈن-تىن چىقارماي ئاخىرقى ھۆكۈمنى كۈتتى.

باش سوتچى سۈرلۈك قىياپەتتە دېلىچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارغا قازىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆكۈمنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— سوت كېڭەشمىسىنىڭ قاراپ چىقىشى، سوت كومىتېتىنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن دېلىچۇەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلىندى. ئەگەر جاۋابكارلار بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا، ئون كۈن ئىچىدە ئالىي خەلق سوتىغا ئەرز قىلسا بولىدۇ.

چەتتىن قاتنىشىپ تىڭشىغۇچىلار نەزىرىنى بىراقلا دېلىچۇەنشيۇ بىلەن جۇجېڭشىنغا ئاغدۇردى. ئۇنىڭدىن ھېداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش، تېخىمۇ كۆپرەكى مەسخىرە ۋە كەمسىتىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

كىشىلەر سوت زالىدىن يۇقىرى ئاۋازدا مۇلاھىزە قىلىشقاچ كەلكۈندەك چىقىشقىلى تۇردى. مەن شىبىنشۇرۇڭنىڭ دەۋاگەرلەر ئورنىدا قانۇن ساقچىلىرىنىڭ ئانىسىنى تۇتقۇن ماشىنىسىغا يالاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

شۇنچە چوڭ سوت زالىدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى، چىرايىنى قايغۇ-ھەسرەت قاپلىدى. ئۇ شەپكىسىنى جىمىدە كىيىپ سوتتىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتە شياۋچېڭگاڭ ھۆججەت سومكىسىنى رەتلەپ ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغاندا بىرسىنىڭ ئىشىكنى ئاستا چېكىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ شىبىنشۇرۇڭنى كۆردى.

شياۋدۇيجاڭ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ئورۇن كۆرسىتىپ:

— شۇرۇڭ، مېنى ئىزدەيدىغان ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ... — شۇرۇڭ دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

— قانداق؟ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى شياۋچېڭگاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — زادى نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

شىبىنشۇرۇڭ قايتا-قايتا ئىككىلىنىپ ئاخىرى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— قاماقخانىدىكىلەرگە دەپ باقسىڭىز، ئانام بىلەن كۆرۈشۈۋالسام دېگەنتىم.

— بۇ... — شياۋچېڭگاڭ سەل تەڭقىسلىقتا قالدى. بەلگىلىمە بويىچە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاخىرقى كېسىمى چۈشمەستىن بۇرۇن جىنايەتچىنى يوقلاشقا بولمايتتى.

— شياۋدۇيجاڭ، مېنىڭ قايتىپ كېلىپ سوتقا چىقىش ئۈچۈن قىسمىدىن بېرىلگەن رۇخسەت ۋاقتىم چەكلىك، بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ، ئانام بىرىنچى سوتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالمىسام بولمايدۇ!

شياۋچېڭگاڭ شۇرۇڭنىڭ سەممىي تۇرقىغا قاراپ شتاپتا كۆڭلىنى ئوبدان چۈشەندى-دە، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى:

— بولىدۇ، مەن سىناپ باقاي، چۈشتىن كېيىن ئىشخانامغا كېلىڭ.

شىبىنشۇرۇڭ چۈشتە بازارغا چىقىپ ئانىسىغا لىق بىر تور سومكا ئاپېلسىن، ئالما ۋە كونسېرۋا دېگەندەك نەرسىلەرنى، شۇنداقلا بىرنەچچە قۇر كىيىم سېتىۋالدى. چۈشتىن كېيىن ئۇ شياۋچېڭگاڭغا ئەگىشىپ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان قاماقخانىغا كىرىپ كەلدى.

كۆرۈشۈش ئۆيىگە كىشەننىڭ شاراقلىغان ئاۋازى بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ كەلگەن دېلىچۇەنشيۇ بۇ يەردە ئوغلىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە يېرىم قەدەممۇ سىلجىيالماي لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىدىغان بۇ مەنزىرىدىن شياۋچېڭگاڭدەك قەيسەر يىگىتمۇ ئۆرتىنىپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى، ئۇ ئاستا چىقىپ كەتتى.

شۇرۇڭ كۆزىگە ياش ئالغىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىگەن پېتى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، تور سومكىدىن بىر ئاپېلسىننى ئېلىپ پوستىنى سويغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى:

— ئانا، ئاپلىسىدىن بىرنى يەڭە.

دىلچۆھەنىشىۋ ئوغلىنىڭ بېشىدىن-ئايىغىچە سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك شۇبرلىدى:

— ئۆتكەن قېتىم مېنى يوقلاپ كەلگەن چېغىڭدىكىگە قارىغاندا جىق جۈدەپسەن، بۇنىڭ مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولغانلىقىنى مەن سوتتىكى چاغدىلا بايقىغان!

شۇرۇق ئانىسىنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئانا، مەندىن خاپا بولۇپ نەپرەتلەندىڭىزمۇ؟ ئەگەر خاپا بولغان، نەپرەتلەنگەن بولسىڭىز مېنى ئۇرۇۋېلىڭ، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ئاتامنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسام بولمايدۇ!

دىلچۆھەنىشىۋ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئوغلىنىڭ سۆزى خۇددى ئۆتكۈر خەنجەردەك ئۇنىڭ كۆز يېشىغا چىلىنىپ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان يۈرىكىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ئىچ-باغرىنى يىلان چاققاندەك تىترىتىۋەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھاياتى ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئويلىدى، ئىپلاس روھىي دۇنياسىنىڭ نىجادلىق بېشىغا تەشنا بولدى. ئۇ قاماقخانىغا سولانغاندىن كېيىن ھەمىشە ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئەسلەپ نومۇس قىلىۋاتقىنىنى، پەرزەنتلىرى ئالدىدا ئېغىر گۇناھكار بولغىنىنى، ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق ئازابقا قالغىنىنى ھېس قىلدى.

دىلچۆھەنىشىۋ ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى:

— بالام، مەن ئويلىنىپ كۆردۈم، سەن خاتا قىلمىدىڭ، ياخشى ئوغۇل بولدۇڭ، مەن ئۆزۈمنىڭ بەك شەخسىيەتچىلىكىدىن، شەخسىيەتچىلىكتە ئىنسانىيلىقىمنى يوقىتىپ قويغانلىقىمدىنلا نەپرەتلىنىمەن، سەن يەنە مېنى يوقلاپ كەلمىسەڭ بوپتىكەن.

— ئانا، سىز يۇقىرىغا ئەرز قىلىڭ!

دىلچۆھەنىشىۋ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەي ھەيرانۇ-ھەس قالغان ھالدا ئوغلىغا تىكىلدى:

— نېمە دېدىڭ؟

— سىز ئەرز قىلسىڭىز بولىدۇ، — دېدى شۇرۇق ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ.

— ئاناڭنى ئەپۇ قىلدىڭما؟ — دىلچۆھەنىشىۋنىڭ كۆزلىرى يالتىنلا چاقنىدى.

— ياق! ئانا، مەن سىزنى مەڭگۈ ئەپۇ قىلالمايمەن، ئاتامنىڭ روھى سىزنى ئەپۇ قىلمايدۇ. ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ باشقا ھەرقانداق خاتا ئىش قىلىشىنى ئەپۇ قىلالايدۇ، ئەمما بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنى ئەبەدىل-ئەبەد ئەپۇ قىلالمايدۇ. مەن سىزنىڭ جازا مەيدانىغا چىقىپ قېلىشىڭىزغا چىدىمىغانلىقىمدىن، ئىنىلىرىم بىلەن سىڭلىمنىڭمۇ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىمدىن ئەرز قىلىڭ دەۋاتىمەن.

شۇرۇق سۆزلەۋېتىپ كۆز يېشىنى يەنە توختىتالمىدى. دىلچۆھەنىشىۋنىڭ كۆزلىرى بارا-بارا خىرەلەشتى:

— مەن ئەرز قىلمايمەن، مەندەك كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئادەمنىڭ بۇ جاھاندا يەنە نېمە ئېتىبارى قالدى، پەقەت ئۆلۈملا غەمدىن خالاس بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى.

— بىزنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ، جۇجىكىشىن ئۈچۈن بولسىمۇ ئەرز قىلىشىڭىز كېرەك. ئاتامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتە سىز يېلانلىغۇچى، بۇنى ھەممىدىن ئېنىق بىلىمەن، سىز جۇجىكىشىنىمۇ قاتتىق ئازابقا سالدىم دەپ قارىمامسىز؟ ئەگەر جۇجىكىشىن مەسئۇلىيەتنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا شۇنداق ئېغىر كېسىلەمتى؟ ئۇ يەنىلا سىزنى دەپ شۇنداق قىلغان گەپ-تە! — دېدى شىن شۇرۇق يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئانىسىغا تىكىلگىنىچە.

دىلچۆھەنىشىۋ غۇزژىدە بولۇپ ئوغلىنىڭ جۈدەڭ بەستىگە قارىغىنىچە، ئوغلۇم شۇنداق ئەقىللىق، شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەم بوپتۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئىچى ئېچىشىپ بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. خىجالەتچىلىك ۋە پۇشايمان قىلىش تۇيغۇسى بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ لام-جىم دېمەستىن يەرگە قاراۋالدى.

شۇرۇق ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا ئالما ئېلىپ بەرمەكچى بولدى-دە، توساتتىنلا ئۇنىڭ قولىدىكى ئالا-چىپار داغلارنى بايقاپ قالدى. ئۇ ئۇيۇل-تويۇللا ئانىسىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنىڭ ھورنانىدەك ئىششىپ كەتكەنلىكىنى، يەنە يۇرچاق چوڭلۇقىدىكى جاراھەتلەر بىلەن قاپلانغانلىقىنى، پۈتىنىمۇ كىشەن يالاپ ئىششىتىۋەتكەنلىكىنى چېلىقتۇردى.

— ئانا، پۇت-قوللىرىڭىز نېمانداق ئىششىپ كەتتى؟

— دەپ سورىدى ئۇ.

— مەندە ئەزەلدىنلا بۆرەك ياللۇغى بار ئىدى، ئاغرىپ قالساملا پۈتۈن بەدىنىم ئىششىپ كېتەتتى، يېقىندىن بۇيان ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ ئۇيقۇم قېچىپ بۇ كېسىلىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. مەن بەربىر پات ئارىدا ئۆلىدىغان ئادەم، مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى دىلچۆھەنىشىۋ ئېچىنىشلىق قىياپەتتە.

— ئۇنداقتا قولىڭىزدىكى بۇ جاراھەتلەرچۇ؟ — دەپ سورىدى شۇرۇق.

— ئۆتكەن قېتىم كېتىدىغان چېغىڭدا ماڭا ئەللىك يۇەن تاشلاپ قويغانىدىڭ، تاغالق يەنە يۈز يۇەن ئەكىلىپ بەردى، بۇلارنى يىغىپ جىسەكچى ئارقىلىق يۇلۇق يېپ

ئالدۇردۇم-دە، ساڭا ۋە ئۇكىلىرىڭغا بىردىن يوپايكا توقۇدۇم، ئاڭلىسام بېيجىڭ سوغۇقكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە هازىر قىش، ئۇزۇڭلارغا سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالماڭلار، هەي! مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرغىدەك نەرسەمۇ يوق، ئەگەر مېنى يەنە ئانام دەپ قارىساڭلار، مەندىن خاتىرە بوپقالسۇن! — دېڭ چوەنشيۇ سۆزلەۋېتىپ يەنە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

شۇرۇڭ ئانىسىنىڭ قولىدىن ئۇزلۇكسىز تەپچىرەپ تۇرغان ئىسسىق قانغا قاراپ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ قول ياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنى ئاستا سۈرتتى.

— شۇرۇڭ، ئىنىلىرىڭ بىلەن سىڭلىڭنى بېيجىڭغا ئېپكەتكىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ناهايىتى سېغىندىم، مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ماڭا بىر كۆرسىتەلەمسەن؟

— دېڭچوەنشيۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېلىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، ئانا، بۇ ئىشنى ئۇلاردىن هازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلدىم، ئۇلار خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇلارنى خاتىرجەم ياشىغلى قويۇڭ، ئۇلارنىڭ هالىدىن ئۇزۇم خەۋەر ئالىمەن، — شۇرۇڭ ئىچىدىكى دەرد-ئەلىمىنى بار كۈچى بىلەن بېسىپ ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

دېڭ چوەنشيۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى، ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى:

— كۆرۈشكىلى بولمىسا كۆرۈشمەي، سەن توغرا قىپسەن، ئۇلارغا ئۇقتۇرما. مەن جىممىدىلا كېتىۋالاي، ئۇلار سەن بىلەن بىرگە يۈرگەندىكىن مەنمۇ خاتىرجەم.

— ئانا، — شىنشۇرۇڭ تور سومكىنى كۆتۈرۈپ يانچۇقىدىن يەنە ئىككى يۈز يۈەن چىقاردى، — سىزگە ئازراق يېمەكلىك، يەنە بىر نەچچە قۇر كىيىم ئالغاچ كەلدىم. ئەرز قىلىمەن، ئىنىلىرىم بىلەن سىڭلىمنى باقىمەن دەپ يۈرۈپ قولۇمدا ئارتۇقچە پۇل قالمىدى. مۇشۇنچىلىكلا چىقىرالىدىم. بۇ پۇلنى هەرگىزمۇ باشقا ئىشلارغا ئىشلەتمەڭ، ئازراق دورا ۋە يېمەكلىك ئېلىۋېلىڭ. مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قىسمغا قايتىمەن، سىز مېنىڭ، ئىنىلىرىمنىڭ ۋە سىڭلىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىمىزنى يېزىپ بەرسىڭىز.

دېڭچوەنشيۇ مېۋە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ ئالدى، ئەمما پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— سەن ئىنىلىرىڭ ۋە سىڭلىڭغا قاراپ يەتكىچە جاپا تارتىۋاتىسەن، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ماڭا پۇلنىڭمۇ كېرىكى يوق، يەنىلا ئۆزۈڭدە قالسۇن. سىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىڭلارنى كەچتە ئويلاپ باقاي، يېزىپ چىققاندىن كېيىن جېسەكچى ئارقىلىق ساڭا يەتكۈزۈپ بېرەي.

شۇرۇڭ پۇلنى ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئانا، مەن كەتتىم، يەنە دەيدىغان گەپلىرىڭىز بارمۇ؟

دېڭچوەنشيۇ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ هازىرلا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك يېڭىدىن مەهكەم تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭغا ئۇزاق-ئۇزاقلارغىچە تىكىلدى... ئۇ ئوغلى بىلەن جۇدالىشىدىغان ۋاقىتنىڭ يات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مۇهەببەت ۋە نەپرەت ئىلكىدە تولغاندى، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ دېيەلمىدى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان يۇتلىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ پۇتلىرىنى قۇچاقلىغان پېتى هۆڭرەپ يىغلىۋەتتى:

— ئوغلۇم، ئاناڭ كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ دوزاختا چۆشكىلىۋاتىدۇ، ئاناڭنى كەچۈرىدىغان بىرمۇ ئېغىز گەپ قىلساڭچۇ! ...

زەردىگۈش بولۇپ كېتىۋاتقان شىنشۇرۇڭ ئاستا ئېگىلىپ ئانىسىنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە توختاپ ئانىسىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋەتتى-دە، ئانىسىنىڭ ئەلەملىك يىغىسى ئىچىدە قاماقخانىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

## سەككىزىنچى باب

دىڭيۈەن ناهىيىلىك ج خ ئىدارىسى مېنىڭ ج خ مۇخبىرلىق پەۋقۇلئاددە سالاهىيىتىمگە قاراپ بۇ دېلو توغرىسىدا زىيارەت قىلىشىمغا هېچنېمە دېمەيلا ماقۇل بولدى. يەنە كېلىپ، دېلو مەسئۇلى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچېڭگاڭنى ماڭا هەمراھ بولۇشقا بەلگىلىدى.

مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى شياۋچېڭگاڭ ئوچۇق-يورۇق، بەستلىك، گەپنى جاق-جۇق قىلىدىغان، هەقىقەتەنمۇ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقىغا ئوخشايدىغان ئادەم ئىكەن. مەن قاماقخانىغا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئەنزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدۇم، ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەمەلىيەتتە، بۇ ئادەتتىكىلا بىر دېلو، يېزىلاردا ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئېرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار ناهايىتى تولا، بۇ دېلونىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغان، يەنە كېلىپ ئوغلى چىقىپ ئەرز قىلغانلىقى يېرى

بار، شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى ئىش بولماي قالغان.

— ئۇنداقتا بۇنداق ئەنزىلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب نەدە؟

— بۇنى ئاددىيلا قىلىپ ئىنسانىيلىقنىڭ يوقىلىشىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، يېزىلاردا فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ ئېغىر بولۇشى، قانۇن كۆزقارىشىنىڭ ئاجىزلىقىمۇ ناھايىتى مۇھىم سەۋەب. كىشىلەر نىكاھدىن ئاجرىشىش دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا ئاتا-بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىۋەتكەندەك چۆچۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ دېھقانچىلىقتا توت بالىلىق ئايالنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ چوڭ ئازغىنلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياچىسىغا يولۇققىنى ئازراق مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولغانلىقى، مۇھەببەتتە ئاز-تولا بوسۇش ھاسىل قىلىشنى ئۆيلىنىغانلىقىدىن بولغان. ئەگەر ئۇ شۈكرى-قانائەت قىلىپ ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈۋەرگەن بولسا بۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

— ئۇ قانۇنغا تايىنىپ ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرسە بولىدۇ-غۇ! ئادەم ئۆلتۈرسە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمۇ تۈگىشىدۇ، بۇمۇ ئامال ئەمەس-تە!

شياۋچېڭگاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىغاندىن كېيىن ئىسنى ئاستا پۈۋلىدى:

— شۇڭا ئادەم ناھايىتى مۇرەككەپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىمۇ، شەخسىيەتچىلىكىمۇ بولىدۇ دەيمىز. قانۇن-ئىنتىزام مۇكەممەللەشمىگەن شۇ چاغدىكى ئالاھىدە مۇھىتتا قانۇننىڭ توت بالىسى بار ئانا ئوتتۇرىغا قويغان ئاجرىشىش مەسىلىسىنى سورۇشتە قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بۇمۇ ئاجرىشىشنىڭ قىيىن بولۇشىدىكى تۈگۈن. بەزى كىشىلەر تويۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، نەپسانىيەتنىڭ ئەزۋەيلىشى بىلەن ھايۋانىيلىققا قاراپ ماڭىدۇ، نەتىجىدە قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ..

جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى باشلىقىنىڭ مەسىلىگە مۇنداق چوڭقۇر قارايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىدى، بۇنى مەنمۇ توغرا تاپتىم.

— مەن شياۋدۇيجاڭدىن يەنە بىر مەسىلىنى سورىۋالماقچى، — بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا يەنە ئىككىلىنىپ قالدىم.

— دېمەمسىز، بىلىدىغىنىملا بولسا سىزگە جەزمەن دەپ بېرىمەن، — دېدى شياۋدۇيجاڭ ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن.

— ئاڭلىشىمچە، شىبىنشۇرۇڭ سىزگە بۇ ئىشنى ئېيتقاندىن كېيىن، سىز ئىدارە رەھبەرلىكىگە دوكلات قىپتىكەنسىز، ئۇلار نېمىشقا دەسلەپتە بۇ ئەنزىنى بىرياقلىق قىلىشقا قوشۇلمىدى؟ — مەن شياۋچېڭگاڭنىڭ سەل تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنىنى بايقاپ، بۇنداق نازۇك مەسىلىنى سورىمىسام بوپتىكەن، ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ باشلىقلىرى-دە، دېگەن خىيالغا كەلدىم.

شياۋچېڭگاڭ بىر تال تاماكىنى لام-جىم دېمەستىن چېكىپ بولۇپ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا سۆزلىسەك، ئەينى چاغدا ئىدارە رەھبەرلىكى بىرياقلىق قىلمايمىز دېمىدى. بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئەنزىلەر ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ھەر بىرىمىزنىڭ قولىدا سەككىزدىن ئونغىچە ئەنزە بار ئىدى. ساقچىلىرىمىز قىس، راسخوتىمىز يوق ئىدى، يۇقىرىدىن بەرگەن پۇل ماشىنىلا يېتەتتى، بىز ھەمىشە ماشىنىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئەنزە ئىشلەيتتۇق، ھېرىپ ھالىمىز قالمىغاننىڭ ئۈستىگە خوتۇن-بالىلىرىمىزمۇ بىز بىلەن تەڭ جاپا تارتاتتى. بۇ ئەنزە ئون يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، يىپ ئۇچىنىڭ ئازلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ، ئۇنى تەكشۈرۈپ دەلىل-ئىسپات تېپىش ناھايىتى تەس، نۇرغۇن ئادەم كۈچى سەرپ قىلغاندىن باشقا، ئەنزە ئىشلەش خىراجىتىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. مەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ بەزى ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىرىگە يەنە بىر قېتىم دوكلات قىلغانىدىم. ئىدارە رەھبەرلىكى ھەقىقەتەن ئىشەنچ قىلالىساڭ يوشۇرۇن دېلولارنى رازۋېت قىلىش پىلانىغا كىرگۈزسەك بولىدۇ، دېگەن قاراشتا بولدى ھەممە قولۇمدىكى بىرنەچچە ئەنزىنى تېزرەك تۈگەتكەندىن كېيىن زېھنى قۇۋۋىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇشۇ خىزمەتكە تۇتۇش قىلىشىمنى تاپشۇردى. دەل مۇشۇ چاغدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار تەستىقى يوليورۇق بەردى، شۇنىڭ بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتۇق. ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قىيىنچىلىقى بار. سىز ئاساسىي قاتلامنى چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئېيتىم چاپسىكەن، ئەمما سامان يېمىسكەن دېسەك بولمايدۇ-دە!

شياۋچېڭگاڭنىڭ سۆزلىرى مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. بۇ، ئاساسىي قاتلام ج خ ئورۇنلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان، جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە ئىدى، ئۇ بۇنى مۇبالىغىلەشتۈرمەيتتى، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ كۆپتۈرۈۋەتمەيتتى ياكى كېمەيتىۋەتمەيتتى. ئاق كۆڭۈل، ساددا، بىرىنچى سەپتىكى بوران-چاپقۇنلاردا جان تىكىپ ئىشلەۋاتقان كادىر-ساقچىلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەۋاتاتتى...

مەن شياۋچېڭگاڭ بىلەن بىرگە قاماقخانىغا كىردىم.

قاماقخانىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، دېلىچۇەنشيۇ بىلەن جۈجيڭشىننى زىيارەت قىلىشقا كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ماڭا دەردىنى تۆككىلى تۇردى:

— دېلىچۇەنشيۇ بىرنەرسە يېمىگەنگە بىرنەچچە كۈن بولدى، ئازراق سۇ ئىچىدۇ، كېچە-كۈندۈز دېمەي پوپايكا توقۇيدۇ، پېتەك تىكىدۇ، بىرنەچچە قېتىم كامېردا ھوشىدىن كەتتى، بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلماقمۇ پەسەنت قىلمىدى، سىز دېگەن يۇقىرىدىن كەلگەن، بىزگە ياردەملىشىپ نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز پايدىسى بوپقالارمىكىن دەيمەن.

مەن پېشقەدەم باشلىقنىڭ تەلىپىگە ئىنتىكلا ماقۇل بولدۇم.

زىيارەت تەييارلىق سوراق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى تۆمۈر رېشاتكا بىلەن ئايرىۋېتىلگەنىدى. بۇنىڭدا جىنايەتچى بىلەن ئايرىم پاراڭلىشالايتتىم.

دېلىچۇەنشيۇ پاختىلىق ئىشتان-چاپان كىيىۋاپتۇ. گەرچە شىبىن شۇرۇڭنىڭ تەلىپى ۋە دېلىچۇەنشيۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كېسەللىكى، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلار سېلىشقا تېگىشلىك كىشەن ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناھايىتى تەستە تامغا يۆلەنگىنىچە سىلجىپ كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ بوي-بەستى ناھايىتى ئېگىز ئىدى، پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق كىيىم كىيىۋالغان بولغاچقا كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەمەلىي يېشىغا قارىغاندا كۆپ قېرىپ كەتكەن، ھەتتا ئېڭەكلىرىگىمۇ چوڭقۇر قورۇق چۈشكەنىدى. ئەمما سىنچىلاپ قارىسىڭىز ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى گۈزەللىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز يەنىلا تەسكە توختىمايتتى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى ئىنچىكە قورۇقلاردىن ۋە ئېقىپ چۈشكەنىدەك قاڭشىرىدىن ئەينى چاغدىكى ھۆسنى-جامالى ھېلىمۇ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ سوغۇق نەزىرىدىن تەبىئىي بىزارلىق ۋە قارشىلىشىش كەيپىياتى چىقىپ تۇراتتى، قارىغاندا ئۇ مېنى تەييارلىق سوراق خادىمى دەپ قالغان، ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدىغان قايتا-قايتا سوراقلاردىن زېرىكىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. دېمىسىمۇ بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى يېنىش-يېنىشلاپ سۆزلىتىش ئەڭ چوڭ ئەلەم بولىدۇ-دە!

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئەنزە بېجىرىش خادىمى ئەمەسلىكىمنى، ئۇنى سوراق قىلىش نىيىتىمۇ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە پاراڭلىشىدىغىنىم ۋە مۇڭدىشىدىغىنىمنى چۈشەندۈردۈم، ئۆز سەممىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرمايدىغىنىم ۋە ئىختىيارىي سۆزلىشىدىغىنىمنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم.

مېنىڭ سەممىيىتىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك. ئۇ دۈشمەنلىكىنى بارا-بارا يوقىتىپ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇردى. كۆزلىرىمۇ تەدرىجىي مۇلايىملاشتى.

— مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ يەنە نېمە گېپى بولسۇن؟!

— دېدى دېلىچۇەنشيۇ ھەسرەت بىلەن.

— ئۆلۈمغۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمەسلىك، سىزنىڭچە توغرىمۇ؟

— مەن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ گەپنى ئاساسىي تېمىغا يۆتكەشكە تىرىشتىم.

— بۇنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، جانغا جان ئېلىش قىل سىغمايدىغان بىر ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پەيلىمدىن يانمىدىم، — دېلىچۇەنشيۇ بۇ گەپنى ئويلانمايلا دېۋەتتى.

— ھەممىلا ئادەم خاتالىشىدۇ، — مەن ئاساسىي تېمىغا يۆتكىلىشكە باشلىدىم، — سىز خاتالىقىڭىزنى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

دېلىچۇەنشيۇ ئەستايىدىل ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن سۆزلىدى:

— شۇ چاغدا ئېلىشىپ قېلىپ جۈجيڭشىن بىلەن بىرگە ئۆتۈشنىلا ئويلاپتىكەنمەن. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن نېمىلا قىلسام توغرا بولىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇنىڭ خاتا بولىدىغىنىنى ئەسلا تونۇپ يەتمەپتىمەن، ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ ئويلىماپتىمەن. خاتانى توغرا دەپ قاراپتىمەن، شۇڭا ئۈستى-ئۈستىلەپ خاتالىشىپ ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ياخشىلىقنىڭ بېشى بولىدۇ، يامانلىقنىڭ چېكى بولمايدۇ، مەن قاتىللىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن تۇرسام خاتالىقىمنى يەنە قانداق ئوڭشىۋالغىدەكمەن!

— ئۇنداقتا سىز بۇرۇنقى ئېرىڭىزغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىڭىزنى سەزدىڭىزمۇ؟

دېلىچۇەنشيۇ غەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى:

— ھەئە، مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەرنېمە دېسەمۇ ئاجراشماي تۇرۇۋېلىشىدىن نەپرەتلەنگەن ئىكەنمەن، كېيىن ئويلىسام ئۇ سەممىي، ياۋاش، ئوبدان ئادەم ئىكەن، تۆت بالىمىز تۇرسا ئايرىلىپ نېمە قىلىمىز، بالىلارنى تەڭقىسلىقتا قويمايلى، دەپ ئويلاپتىكەن، مەن ئۇنى قەستلىمىسەم، بالىلىرىمغا زىيان سالمىسام، ھازىر يەنە جۈجيڭشىنغا زىيانكەشلىك قىلمىسام بوپتىكەن.

— ھازىر سىز جۈجيڭشىنغا قانداق قارايسىز؟

— مېنىڭ ھەممىدىن بەك ئېچىنىدىغىنىم ئۇنىمۇ زىيانغا

زىيانغا ئۇچراتقىنىم، مەن ئۇنىڭ نەسىھىتىگە كۆنۈپ خالىغانچە ئىش قىلمسام بويتىكەن، ئۇ ئەمدىلا قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن، مەن كۆرمىگ قىتىم ئۇلسەمۇ ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بولالمايمەن، — دېدى دېلىڭچۈەنشيۇ ئېچىنىشلىق ئەلپازدا.

— ئۇنداقتا ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

دېلىڭچۈەنشيۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى:

— قاماقخانىغا كىرگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئەتىدىن-كەچكىچە خىيال بىلەن ئۆتتۈم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قاسىرىقىم بىلەنلا قېپقالغاندەك كاللامۇ ئىتىلمەيۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. بالدۇرراق ئۆلسەم ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىدۇم. باللىرىم ئېسىمگە كەلسىلا جۇدالىققا چىدىيالماي بالدۇرراق ئۆلسەمكەن دېگەن خىيالغا كەلدىم. نېمە تېرىساڭ شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن دەيدىغان گەپ بار، ئۆزۈم تاپقان بالانىڭ دەردىنى تارتماي ئامالىم يوق. باللىرىم تاكى ھازىرغىچە مېنى كەچۈرمەيۋاتىدۇ. مېنىڭ گۇناھىم ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئېغىر، ئۇ دۇنياغا كەتسەمۇ بۇنى يۇيۇپ تۈگىتەلمەيمەن!

— مەن ياردەملىشىدىغان باشقا ئىشىڭىز بارمۇ؟ مەن ھەل قىلالىسام لا جەزمەن كۈچۈمنى ئايىمايمەن، — سوئاللىرىمنى ئاساسەن سوراپ بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدۇم.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەل قورۇنغان ھالدا سۆزلىدى:

— شۇرۇڭغا دەپ قويسىڭىزكەن، ئاكا-ئۇكا بىرنەچچىسى چۈشكەن سۈرەتتىن ماڭا بىرنى ئەۋەتىپ بەرسە، يەنە ئازراق يېمەكلىكلەر بار ئىدى، قاماقخانا كادىرلىرىغا دەپ جۇجېڭشىنغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلى مېنىڭكىدىنمۇ پاراكەندە، بۇنىڭدىن باشقا...

ئۇ توساتتىنلا گېپىنى توختىتىۋېلىپ بىرنېمىدىن تىلى قىسىلىۋاتقىنىنى ئىپادىلەپ قويدى.

— قانداق مەسىلە بولسا دېۋېرىڭ، ئەندىشە قىلماڭ، — دېدىم مەن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

— جۇجېڭشىن بۇ ئىشنى ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ دەۋىتىم بىلەن قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم قول سالغان، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنسا سەل ئۇۋالچىلىق بولىدۇ، ماڭا ياردەملىشىپ مۇشۇ ئىشنى ئىنكاس قىلىپ باقسىڭىز بولارمىكىن دەيمەن، — دېلىڭچۈەنشيۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەممىي ئۈمىد چىقىپ تۇراتتى.

مەن سەل ئىككىلىنىپ قېلىپ:

— سىز جۇجېڭشىن بىلەن ئەرز قىلدىڭىزمۇ؟ — مەن سورىدۇم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن، — ئىنكاس قىلىشقا جەزمەن تىرىشىمەن.

ئۇ شۇ زامات ھاياجانلىنىپ تۈنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى.

دېلىڭچۈەنشيۇ بىلەن سۆزلىشىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەنىدى، شياۋچېڭگاڭ:

— ئەمدى تاماق يەيلى، جۇجېڭشىن بىلەن ئەتە سۆزلىشەرسىز! — دېدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلىپ خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم.

دەسلەپكى سوراق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆينىڭ چىرىغى بەك غۇۋا يورۇيدىكەن، پېشقەدەم باشلىق يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىدىن بىرنى ئالماشتۇرۇۋىدى، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان جۇجېڭشىننى ئېنىق كۆردۈم.

ئۇ قامەتلىك بولمىسىمۇ ناھايىتى بەستلىك ئىدى، سەممىي ۋە ساددا كەلگەن ئەپتىدىن دېھقانلارغا خاس ياۋاشلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك ئىشتان-چاپان، بېشىغا كەتمەن شەپكە كىيىۋالغانىدى، يىلىڭ كىيىنگەنلىكتىن سوغۇقتىن ساقلىنىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، پۇشقىقى ۋە يېڭىنى پۇرۇچ بىلەن باغلىۋالغانىدى، رەڭگىرومى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، نۇرغۇن دەرد-ئەلەم ۋە غەم-ئەندىشە تۈپەيلىدىن قورۇق چۈشۈپ كەتكەن يۈزى قارىماققا پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزگە ئوخشايتتى.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز غەمكىن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى.

ئۇ ئىنتايىن ساددا، تولىمۇ كەمسۆز، ھەتتا سەل جىمغۇر ئىكەن. دېلىڭچۈەنشيۇغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن، سىز گەپ سورىمىسىڭىز، ئۇ ھېچنېمە دېمەيدىكەن، سورىسىڭىزمۇ سىز سورىغان بىرلا مەسىلىگە جاۋاب بېرىدىكەن، يەنە كېلىپ جاۋابتا خاتالىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تىترەپ تۇرىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشتە ھېچقانداق غەرىزىم يوقلۇقىنى، قانچە ئىختىيارى سۆزلىشەڭ شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى، جىددىيلىشىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈردۈم. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئولتۇرۇۋەردى، ئاخىرى ئامال قىلالماي ئۇنىڭغا ئۆز سالاھىيىتىمنى بىلدۈردۈم، ئەمما ئۇ يەنىلا ئالاقزادىچىلىكتىن قۇتۇلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدىم.

سوئال: سىز دېلىڭچۈەنشيۇ بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست ئىشلىتىپ شېبىنچېڭداۋنى ئۆلتۈرگەندە قانداق خىيالغا كەلگەن؟

جاۋاب: شۇ چاغدا دېلىڭچۈەنشيۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز شۇنداق ياخشى تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى

قايتۇرسام بولمايدۇ، دېگەننىلا ئويلاپتىمەن.

سوئال: سىز دېڭىزچۇەنشيۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟

جاۋاب: ياخشى كۆرىمەن.

سوئال: هازىرچۇ؟

جاۋاب: ياخشى كۆرىمەن.

سوئال: شىنجياڭدا ئۆلگەندىن كېيىن قورقتىڭىزمۇ؟

جاۋاب: قورقمىدىم. ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغىنىمنى هېس قىلدىم، ئۆزۈمنىڭمۇ ياشىغىم كەلمىدى.

سوئال: شۇنداق تۇرۇپ، ئەينى چاغدا يەنە نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدىڭىز؟

جاۋاب: مەن ئۇنىڭ كېيىنگە كىردىم، ئۇ پۈتۈن نىيىتى بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلماي تۇرالمىدىم.

سوئال: ئۇنداق بولسا نېمىشقا دېڭىزچۇەنشيۇنى شۇنداق قىلىشقا مەن كۆشكۈرتكەن دەپ تۇرۇۋالدىڭىز؟

جاۋاب: مەن... مەن... (كۆز يېشى)

سوئال: ھەر ئىككىڭلار جازاغا تارتىلدىڭلار، مەن مۇخبىر، ئەنزىنگە ئاربلاشمايمەن، سىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خاتىرجەم سۆزلەۋېرىڭ.

جاۋاب: ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايۇ-بەدىنى غىچ كېسەل، يەنە بىرنەچچە باللىسىنىڭ غېمى بار، مەن قانداقمۇ ... (يىغا).

سوئال: ھازىر يەنە قانداق خىيالىڭىز بار؟

جاۋاب: مەن شۇرۇلۇ ئاكا-ئۇكا بىرنەچچە يىلەننىڭ ئانىسىنى ئەيۇ قىلىپ، مەندىنلا نەپرەتلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلار تېخى ياش، ناهايىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئاتىسى زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، ئانىسى يەنە قاتىلغا ئايلىنىپ ئېتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دەردى تولا، بۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىسۇ تەس. مەن ھەقىقىي قاتىل دېسەم ئۇلار قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئانىسىمۇ ياخشىراق مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۆلسەممۇ خاتىرجەم كېتىمەن...

مەن تويا ئۆرلەپ تۇرغان، پات ئارىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىگە ئايلىنىدىغان بۇ ئەركە ئۇزاقىقىچە تىكىلدىم، كۆز ئالدىمغا قەدىمكى، غۇۋا، جۇشقۇن ئەمما كەلگەن سېرىق تۇپراقلىق زېمىن كېلىۋالدى، پايانسىز يوق بۇ سېرىق تۇپراقلىق زېمىن ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ساددىلىقى ۋە قاقاسلىقى بىلەن شۇنداق كەلگە ھەمدە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلغىلى تۇردى.

مەن دېڭىزچۇەنشيۇ ھاۋالە قىلغان مېۋە بىلەن كونسېرۋانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، دېڭىزچۇەنشيۇنىڭ ئۇنىڭغا قانداق كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ناهايىتى ھاياجانلاندى. مېۋە بىلەن كونسېرۋانى قۇچاقلىغان پېتى زادىلا گەپ قىلماي قويدى.

قاماقخانىدىن چىققىنىمدا ھەممىلا يەر چىراغ نۇرىغا پۈركىنىپتۇ.

مەن شياۋچېڭگاڭغا سۆزلىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە دەپ بېرىۋىدىم، ئۇمۇ ھەسرەت چېكىپ خۇرسىندى.

مەن ئۇنىڭدىن دېڭىزچۇەنشيۇ ئاساسلىق جىنايەتچى، جۇجېڭشىن ئەگۈشكۈچى جىنايەتچى تۇرسا، نېمىشقا ئىككىسىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بۇ سەل ئېغىر كەتتىمۇ-قانداق دەپ سورىدۇم.

شياۋچېڭگاڭ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى:

— بۇ ئىش ئۇلار ئىككىسىگىلا ئايان. بىز رازۋېتچىكلار ئالدى بىلەن ئىككىسى قاتىللىق قىلىشنى بىرلىكتە پىلانلىغان ۋە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان پاكىتنى بېكىتتۇالىمىز، بۇنىڭدا دېڭىزچۇەنشيۇ پىلانلىغان ۋە قول سالغان بولۇشىمۇ، جۇجېڭشىن ئۇنى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە كۈشكۈرتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار ئىككىسىلا بۇ ئىشنى مەن قىلغان دەپ تۇرۇۋالدى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئىقرار قىلغان ئەنزە سادىر قىلىش جەريانى بىلەن بىز تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ۋەقەلىكلەر بىر يەردىن چىقىپ قالدى، مۇنداق بولغاندىكىن ئىش ناهايىتى تەسكە توختايدۇ. دەرۋەقە، بىزنىڭ قىياسىمىزغا ئاساسلانغاندا، دېڭىزچۇەنشيۇنىڭ پىلانلىغۇچى بولۇشى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن، ئەمما بىز ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتسەك بولمايدۇ، قىياسقا ئاساسلانساق تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەنزىنى خۇلاسىلاش دوكلاتىغا يېزىپ قويۇشىمىزغىلا توغرا كېلىدۇ، ئەرز قىلىش بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش بولسا تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن سوتنىڭ ئىشى.

— ئۇنداقتا سىلەر كىمنىڭ پىلانلىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەنزىنى ئالدىراپ-تېنەپ-لا خۇلاسىلىمىساڭلار بوپتىكەن، تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن سوت يەككىلىك بىلەن ئەيىبلىمىگەن ۋە كېسىم قىلمىغان بولسىمۇ بولاتتىكەن، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى شياۋچېڭگاڭ بىلەن چىقىشىپ ركە تكەچكە گەپنىمۇ ئۇدۇللا دەۋەردىم.

— سىلەر مۇخبىرلار ناهايىتى تالىپ مىجەز كېلىسلەر، — شياۋچېڭگاڭ خاپا بولۇپ قالماستىن يەنە تېخى مېنى بىرنى ئۇرۇپ قويدى، — ئەنزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغىنىمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھازىرقى مۇشۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ پىلانلىغۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتنى يەنە قانداق تەكشۈرىسىز؟

مەن تازا قايىل بولماي يەنە سۆزلىمەكچى بولۇۋىدىم،

شىياۋچېڭگاڭ كېيىمنى بولۇۋېتىپ قولۇمدىن تارتتى:

— يۈرۈڭ، تاماق يەيلى، قانداق مەسىلە بولسا كېيىنچە يەنە ئاستا-ئاستا مەسلىھەتلىشەرمىز.

تاماقتىن كېيىن مەن شۇرۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. شىياۋچېڭگاڭ ماڭا ئۇنىڭ تاغىسىنىڭكىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇ ئۈچ كۈنلۈككە قىسمغا قايتىدۇ، مېڭىشتىن ئاۋال مېنى يەنە ئىزدەپ كەلمەكچى، شۇ چاغدا تەلىپىڭىزنى جەزمەن يەتكۈزىمەن، شۇرۇڭ مېھمانخانىغا سىزنى ئىزدەپ بارسۇن، دېدى.

بارا-بارا خېلىلا كەچ كىرىپ قالدى، مەن شىياۋچېڭگاڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم. نەشتەردەك تېگىۋاتقان سوغۇق شامالغا قارشى كېتىۋېتىپ كۆڭلۈمنى غەشلىك قاپلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم...

## توققۇزىنچى باب

مەن مېھمانخانىدا بىرنەچچە كۈنلۈك زىيارەت خاتىرىسىنى رەتلەپ ئولتۇراتتىم. باش مۇلازىمەت مۇنبىرىدىكىلەر تېلېفون ئۇرۇپ شىن فامىلىلىك ھەربىي يولداشنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن شىن شۇرۇڭ بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ، مۇلازىمەت مۇنبىرىدە دېجۇرنىلىق قىلىۋاتقان يولداشقا ئۇنىڭغا ياتىقىمنى دەپ بېرىشنى ئېيتتىم.

بىردەمدىلا ئىشىك چېكىلدى، ئىشىكنى ئاچسام ھەقىقەتەن شۇ ئىكەن.

— سىز جاڭ مۇخبىرغۇ دەيمەن، شىياۋدۇيجاڭ ماڭا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن، ئاڭلىسام بۇ ئەنزىنى زىيارەت قىلىۋېتىپسىز، سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن،

— ئۇ ناھايىتى ئېغىر-بېسىق ئىكەن، گەپنى جايىدا قىلىشقىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن، كىشىدە ناھايىتى تەجرىبىلىك ئادەمدەك تەسىرات قالدۇرىدىكەن.

مەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي دەملەپ بەردىم:

— مەن بۇ ئەنزىدىن تاسادىپىيلا خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىپ قالدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز!

شىن شۇرۇڭ چاينى بىر ئوتلىۋېتىپ سەل ئويلىنىۋالدى:

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، بۇ ئىشتىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ خەۋەر تېپىشىنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ يەنە ماقالە بولۇپ چىقىشىنى تېخىمۇ خالىمايمەن، سىز كۆڭلۈمنى چۈشەنسىڭىز كېرەك.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە تەمشىلىۋىدىم، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمما ج خ كادىرلىرى ۋە ساقچىلىرى بۇ ئەنزىگە ناھايىتى جىق ئەجىر سىڭدۈردى، ئانامنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى يېزىپ چىقسىڭىز باشقىلارغىمۇ تەربىيە بولغىدەك، شۇڭا قايتا-قايتا ئويلىنىپ يېزىپ چىقسىڭىز بولغىدەك دېگەن يەرگە كەلدىم.

مەن ئېغىر تىنىۋەتتىم، ئارقىدىن ئۆزۈمنىڭ نىيىتىنى تەكرار چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى سورىدۇم.

— بۇ خاتىرجەم بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، يازغاندىكىن ھامان كۆرىدىغانلار چىقىدۇ، كۆرگەندىكىن تىللايدىغانلار بولىدۇ، بەزىدە كۆڭلۈمگە غەلىتىلا خىياللار كىرىۋالىدۇ، شۇ چاغدا بەك كىچىك بولغاچقا بۇ پاجىئەنى تونۇپ قالالمىغىنىمدىن نەپرەتلىنىمەن. بەزىدە يەنە ئانامنىڭمۇ كۆڭلى تەسكەندۇق دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئىشقىلىپ ھازىر كۆڭلۈم سوۋۇپلا كەتتى، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقمايمەن، مېڭەممۇ قاشاڭلىشىپ كەتتى، باشقىلار مېنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرسىمۇ كىمنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا يەنە ماشىنا ھەيدىسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تەشكىلنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن بېيجىڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ لىيەندۈيگە چۈشۈپ كەتتىم.

— ھازىر سىز ھەربىي مۇزېيدا ئەمەسما؟ — مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن سورىدۇم.

— ھەئە، چىن بۇجاڭ ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ ئىلتىماسىمنى تەستىقلاپ بەردى، — شىن شۇرۇڭ ئېنىق جاۋاب بەردى.

— ئىنىلىرىڭىز بىلەن سىڭلىڭىز قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ سىز لىيەندۈيگە چۈشۈپ كەتكەندىكىن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايسىز، بۇ بىر ئەمەلىي مەسىلە بوپتۇ، — دېدىم مەن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

— ئۇلار ئىنتايىن ياخشى كېتىۋاتىدۇ، ئىنىم بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىن بىر لايىق تاپتى، باھار بايرىمىدا توي قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. سىڭلىم چىن بۇجاڭنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن خەينەنداۋغا يۆتكىلىپ بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۈنى بىرقەدەر مۇقىم ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ياشاۋاتىدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغىنىدا شىن شۇرۇڭنىڭ كەيپىياتى بارا-بارا ياخشىلاندى، ئۇ پات-پات ھىجىيىپ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىۋىدى، جاۋغىيىدا سۈبىن زىناق پەيدا بولدى.

مەن پەيتنى غەنىمەت بىلىپ ئىنچىكىلەپ سوراشقا كىرىشتىم:

— شىاۋشىن، مەن كۆڭلىڭىزنى تازا ئوبدان چۈشىنىمەن، بۇنداق ئىش مىنىڭ بېشىمغا كەلسىمۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىشىم ناھايىتى تەسكە توختايتتى، مىنىڭ بۇ ئەنزىنى بەلكى يازغىم بار. مەن مۇخبىر، ئەمما ئېنىقىنى ئېيتقاندا ساقچى بولۇشۇم كېرەك ئىدى، ئۆزۈمنى يېرىم ھەربىي دېسەممۇ بولار. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بىز دەۋرداش، قەلبداش، سىز بۇ ئەنزىنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ھەم دەۋاگەر، ھەم ئاساسىي شەخس، شۇڭا يۈرىكىڭىزدىكى گەپنى قىلىپ باقسىڭىز قانداق؟

شىن شۇرۇق سەل ئويلىنىۋېلىپ بېشىنى كۆتۈردى:

— بوپتۇ.

ئۇنىڭ بايانى مىنى ئازاب ۋە ھەسرەتكە تولغان بىر مەنىۋى دۇنياغا باشلاپ كىردى...

ئەنزىنىڭ جەريانى ۋە تەپسىلاتىنى تەكرارلىمايمەن، بۇلارنى ئارخىپتىن كۆرۈۋالغانسىز، ئەرز قىلىش جەريانىنىمۇ كۆپ سۆزلىمەي، شىاۋدۇيجاڭ بۇنى بىرقەدەر چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭدىن سورىسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتى ۋە خىيالىنىلا سۆزلەي.

ئەمەلىيەتتە، ئاتام تۈگىگەندىن كېيىن ئانامدىن پەقەتلا گۇمانلاندىم، چۈنكى بىۋاستە تۇيغۇمغا ئاساسەن ئۇ ئاتامنىڭ تامىقىغا ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوقلا ئىككى قېتىم ئاق پاراشوك سېلىۋەتكەنىدى. مەن مۇشۇ ئىشنى ئېنىقلىيالا دېگەنىدىم. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىش قەدەممۇ-قەدەم تەرەققىي قىلىپ مەن ئەڭ ئەنسىرىگەن، ئەڭ قورققان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئانامنى ئاتامنى قەستلەپ ئۆلتۈردى دەپ ھېسابلىشىم ج خ ئىدارىسى ئەنزە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئانامنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇزۇن پاراڭلاشقان چاغدا بولغان ئىش. شۇ چاغدا ئۇ مەردانىلىق بىلەن مېنى سۆككەن بولسا ھەتتا تىللىغان، ئۇرغان بولسا، مەندىن گۇمانلانماسلىقىڭ كېرەك ئىدى دەپ كايىغان بولسا، كۆڭلۈم ئەكسىچە ئارامىغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى قاتتىق يىغلاپ ئۆز-ئۆزىدىن كايىدى، ھەم گۇناھىنى ئېتىراپ قىلماي، ج خ ئىدارىسىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، ھەم ئاتامغا، ئاكا-ئۇكا بىرنەچچەيلەنگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھەدەپ تەكىتلىدى. مەن بۇ ئىشنى ئانامنىڭ قىلغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوقلۇقىنى ئازاب بىلەن تونۇپ يەتتىم. ئانامنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇردۇم ھەم ئۈمىدسىزلەندىم، ئالدىنقى كۈنى مەن ئۇنى قاماقخانىغا يوقلاپ بارغان چاغدىلا ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى چۈجىگىشىن ئۈچۈن قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئاۋادا شۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق سەۋەبتىن بولغانلىقىنى ئۇققان بولسام چۈجىگىشىننى تېپىپ سۆزلەشكەن بولاتتىم، مىنىڭچە، خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا قوشۇلغان بولاتتى.

مەن يېقىندا ئانامنىڭ قانۇن بويىچە قامالغىنىدىن خەۋەر تېپىپ زادىلا خاتىرجەم ئىشلىيەلمىدىم، ماشىنا ھايدىسام پىكرىم ھەمىشە بۆلۈنۈپ تۇردى، ئىچىم تىت-تىت بولدى. كاللامغا سىرلىق تۈرمە تېمى، تىكەنلىك سىم كىرىۋالدى، كېچىلىرى كۆزۈمنى يۇمسىلا ئانامنىڭ قاپقاراڭغۇ كامىردا باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ قىيىن-قىستىقىدا، يالغۇزلۇقنىڭ ئېچىنىشلىق ئازابلىشىغا چىداپ ئۆتۈۋاتقانلىقى كۆرۈندى، كۆزۈمگە ئويقۇ كېلىشى بىلەنلا ئانامنىڭ ماڭا ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا تىكىلىپ تۇرغانلىقى، كۆزلىرىدىكى ياش قانغا ئايلانغىنىچە ھەدەپ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقانلىقى چۈشۈمگە كىرىۋالدى. چىن بۇجاڭ غېمىمنى چۈشەنگەچكە مەن بىلەن نەچچە قېتىم پاراڭلاشتى، ماڭا نەسىھەت قىلىپ پاجىئەلىك تۈردە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئاتامنى، ئون يىلدىن بۇيان بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئازابنى كۆپرەك ئويلىسام سەل ئارام تېپىپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن چىن بۇجاڭ دېگەندەك قىلدىم، ئەمما مەنىۋى يۈكۈم يەڭگىللەپ قالمىدى. ئەتراپتىكىلەر ئاتامغىلا ھېسداشلىق قىلدى، ئانامنى بولسا پەسكەش، چۈشكۈن، رەزىل ۋە شەپقەتسىز ئايال دەپ قاراپ غەزەپ بىلەن قارغىدى، ئەمما مەن نېمىلا بولمىسۇن ئۇنداق قىلالمايتتىم، مەن ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئانامنىڭ ئوغلى ئىدىم. ھازىر ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. يېقىندا ئېچىنىشلىق تۈردە جازا مەيدانىغا سۆرەپ چىقىلىدۇ، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان بېشىنى بېسىپ، قاپقارا مىلتىق ئېغىزىنى چوڭقۇر قورۇق قاپلىغان پېشانىسىگە تىرەيدۇ، ئوق ئاۋازىغا ئەگىشىپ قان بىلەن ياش يەرگە چاچراپ چۈشىدۇ، ئاندىن پاتقاققا مىلىنىپ ياتقان ئاشۇ گەۋدە كۆرمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ لەنەت-نەپرىتى ۋە دەسسەپ-چەيلىشىگە ئۇچرايدۇ. ھەر قېتىم بۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىم قورۇلۇپ بۇدۇرلىشىپ كەتكەن ياڭاقتەكلا بولۇپ قېلىپ يىغلاۋاتقان كۆڭلۈم زادىلا ئىسىن تاپالمايدۇ.

تاكى ھازىرغىچە ئانامنىڭ ئوبرازى قەلبىمدە بۇرۇنقىدەكلا گۈزەل پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. مېنى تېخىمۇ پەرىشان قىلىۋاتقىنى شۇكى، ئۇنىڭ سوتقا قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلىشىشى، سوتچىنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ، مۇنداق ھېسسىيات بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. مىنىڭ ئەسلىمىلىرىم

بۈتۈنلەي ئۆتمۈشتىكى قويۇق ئانا مېھرىگە يېتىپ قېلىۋاتاتتىم، كاللامغا تامامەن باللىق چاغلىرىمدىكى ئائىلە خۇشاللىقى كىرىۋېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئەڭ كىچىك تۇرمۇش كارتىنىلىرىمۇ شۇنداق روشەنلىشىۋاتاتتى: ئاتام ئاپئاق كاگىيەنى ماڭا ۋە ئۇكىلىرىمغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئاتام بىلەن ئىككىسى كالدىن ئەستە ئۆتىدىغان ئوماچ ئىچەتتى، ئانام سەي قاچىسىدىكى گۆشلەرنى بىزگە بىر-بىرلەپ ئىلغاپ بېرىپ: « سىلەرنىڭ ئۆسۈۋاتقان ۋاقتىڭلار، كۆپرەك يەڭلار » دەيتتى، ئەمما ئۆزى ئاچچىق ۋە بەتتام ياۋا سەي يەيتتى؛ ھەر قېتىم ھورنان سالغاندا ئانام بىزگە ئاتاپ بىرنەچچە ئاق موما سېلىپ قوياتتى. ئاتام بىلەن ئىككىسى ياگيۇدا پىشۇرۇلغان قاپقارا ۋە قاتتىق موما يەيتتى...

مەن ئۆزۈمنى بۇلارنى ئويلىماسلىققا مەجبۇرلايتتىم، ئەمما قانچىكى باسقانسېرى بۇ خىياللار شۇنچە كۈچىيەتتى. مەن: « ئاتام ئۇ ئالەمدە مېنى جەزمەن ئەيىبلەيدۇ » دەپ ئويلاپ ھەمىشە يېرىم كېچىدە كازارمىدىن قېچىپ چىقاتتىم-دە، يۇرتىمىز تەرەپكە قاراپ يۈكۈنۈپ ئاتامنىڭ روھىغا ئاتاپ چوڭقۇر ئىستىقامەت قىلاتتىم.

مەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئىشلارنى ئىنىلىرىم ۋە سىڭلىمغا دېيىشكە پېتىنالماي كەلدىم. ئىنىم مەندىن بىرنەچچە قېتىم: « ئېپىشقا ئۆيدىكى ۋاقتىمدا ج خ ئىدارىسىدىكىلەر مەندىن ئاتامنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ، ئانام راستىنلا ئاتامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپتىمۇ-يە؟ » دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: « يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما، ئانام ياخشى ئانا، قانداقمۇ مۇنداق ئىشنى قىلسۇن، ئاتام كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتتى » دېدىم. سىڭلىم ھەمىشە ئانامنى تېپىپ بەر، ئۆيىمىزگە كېتەيلى دەپ جېدەل قىلىدۇ. مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. يەنە سىڭلىمنى تازا غەرەز ئۇقمايدىكەنسەن، ئادەم دېگەن ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك، ھەمىشە ئۆيگە تەلپۈنۈۋالغانىڭ نېمە پايدىسى، ياشلار جاھان كېزىپ چېنىقىشى كېرەك دەپ ئەيىبلەپ ئۆيگە قايتىش ئىستىكىدىن بار كۈچۈم بىلەن ياندۇردۇم. مەن قانداقمۇ ئانامنىڭ ئىنىلىرىم بىلەن سىڭلىمنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى بۇزىمەن؟ ئانام قايتا ياتلىق بولغاندا ئۇلارنىڭ مەسۇمە قەلبى بىر قېتىم ۋەيران بولغان؛ مەن ئارمىيەگە كىرگەندە ئۇلار ئانامنىڭكىدە تۇرۇپ ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان ئانا مېھرىنى مىڭبىر تەسلىكتە قايتىدىن تېپىۋالغان. مەن ئۇلارنىڭ ئانامغا بولغان ئەڭ گۈزەل مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلىدىم. سىز مۇخبىر بولغاندىكىن چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن، بىر ئادەم ئاتىسىدىن ئايرىلسا دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئەمما ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىردىنلا پەسكەشلىككە ئايلىنىپ قالسا، ئەڭ ساپ، ئەڭ چىن مۇھەببەت بىردىنلا شەرمەندىلىك بىلەن بۇلغانسا، شەخسىيەتچىلىك، ئاق كۆڭۈللۈلۈك، گۈزەل ئەخلاق رەزىل ساختىلىققا ئايلانسا بۇ دۇنيا مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بارلىق مەنىۋى تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى غۇلاپ چۈشىدۇ، جىمى ئىنتىلىش ۋە ئىشەنچلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىتىن يوقايدۇ، جاھاندىكى جىمى نەرسە سەتلىشىدۇ، ھەرقانداق ھېسسىياتمۇ سۇنغان كۆڭۈلنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

مەن ئىنىلىرىم بىلەن سىڭلىمنىڭ بۇ ئىشتىن ھامان بىر كۈنى خەۋەر تاپىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، بۇنداق رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

مەن تۈنۈگۈن تاغامنىڭكىگە باردىم، ئۇ ماڭا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ قاراپمۇ قويمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، ئەمما ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ مەن تاغامغا: « سىز مەندىن خاپا بولسىڭىزمۇ، نەپرەتلەنسىڭىزمۇ ئاتا-باللىق مېھرىدىن ۋاز كەچمەيمەن، مەن ئانامنى سىزدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ ماڭا ئۈچ ئىشتا ماقۇل بولۇشىڭىزنىلا تىلەيمەن » دېدىم. ئاندىن تاغام بىلەن چوڭ ئاپامنىڭ ئالدىدا يۈكۈندۈم: بىرىنچىدىن، جىيەن ئوغلىڭىزنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرۈڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئانامغا ئەرز قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىڭ؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ ئىشنى ئىنىلىرىم ۋە سىڭلىمغا ئېيتمايسىز. مەن ئەگەر تاغام بۇنىڭغا كۆنمىسە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئۆلتۈرۈۋېرىدىغانلىقىمنى دېدىم. تاغام بىلەن چوڭ ئاپام مېنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلىدى.

بۈگۈن ئەتىگەن مەن تېرىپ شياۋدۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ماڭا سىزنىڭمۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىڭىزنى ئېيتتى، سىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم. ئانام جىنايىتىگە يارىشا جازالاندى، جوجىگىتىن ھەقىقەتەنمۇ ئېغىرراق كېسىلىپ كەتتى، سىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىغا بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەنمۇ ئازراق بىرنەرسە يېزىپ قويغان. خاپا بولماي ئۆلكىلىك ئالىي خەلق سوتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چېڭگىلىغا بېرىپ قويسىڭىز.

شىن شۇرۇڭ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سومكىسىدىن ئاغزى چاپلانغان بىر پارچە خەتنى چىقاردى.

— مەن ئەتىلا قىسىمغا قايتىمەن، ۋاڭيۈەنجاڭ، خەنيۈەنجاڭلار بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرەلمەيدىغان بولدۇم، كۆرۈپ باقسىڭىز، مۇشۇنداق

يازسام بولارمۇ؟

مەن مۇنداقلا كۆرۈپ چىقتىم: ئاساسەن يۇقىرى سەۋىيەلىك رەھبەرلىكى كۈچلۈك بولغان بۇ ئۆلكىنىڭ ئۆچۈنلا ئاتامنىڭ ئۈزۈلمىگەن ئالاقىسى بار، بولمىغاندا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇندىن باشقا بۇ ئەلنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئانام دېڭىچۆنشىۋ، جۇجىڭشىن ئەكسىلچى جىنايەتچى، ئۇ ئېغىرراق كېسىلىپ قالدىمۇ-قانداق، ئىككى رەھبەر تەكشۈرۈپ باقسا، دېگەندەك ھەزىمۇ دېگەندەك كەپلەر ئىدى.

مەن شىنشۇرۇڭنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن تەسىرلەندىم، ئۇنىڭ جۇدەڭ بوي-بەستى كۆز ئالدىمدا بىردىنلا ئېگىزلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتىم، ئىسسىق كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز دومىلاپ چۈشۈپ قولۇمدىكى ئاپئاق كونۋېرتنى ھۆل قىلىۋەتتى...

## ئونىنچى باب

ئەتىسى رۇخسەت ۋاقتى توشقان شىنشۇرۇڭ دېگىۋەندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بېگفۇ شەھىرىگە بارماقچى، ئاندىن پويىزغا ئالمىشىپ بېيجىڭغا قايتماقچى بولدى. مەنمۇ ئۆلكە مەركىزى خېفىيغا قايتىشقا بېگفۇدا پويىزغا ئالمىشاتتىم.

بىز ھەمراھ بولۇپ بىرگە ماڭدۇق.

قىش ئاپتىپى خۇددى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتىكى يورۇقلۇق كىشىگە تولىمۇ جۇلالىق ۋە قىممەتلىك تۇيۇلغاندەك ئالاھىدە ئىللىق ئىدى. كۆز يەتكۈسىز قىش دالاسى ياپيېشىل دەل-دەرەخلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا كەلگە، قاقاس ۋە زېرىكىشلىك كۆرۈنەتتى.

شىنشۇرۇڭ ئورۇندۇقتا يېنىچە يۆلىنىپ مۈگدىگەندەك ئولتۇراتتى. ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان ياش ئەر-ئاياللار بەش-ئالتە ياشلىق بىر ئوغلىنى ئېلىۋالغانىدى. كىرپىكلىرى ئۇزۇنكىلەڭ، يوغان كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، مەڭزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۇ بالا ئىنتايىن ئوماق ئىدى. ئۇ شياۋشىننىڭ ئۇچىسىدىكى ماشرەڭ ھەربىي كىيىمگە قىزىقىپ دىكىلداپ يەكرە-گىنىچە كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىنى تارتتى، شياۋشىن راۋرۇس ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسمىم جۇن جۇن، — دەپ جاۋاب بەردى ئوغۇل بالا، — چوڭ بولغاندا مەنمۇ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولىمەن!

شياۋشىن ئىككىلەن ئۇنىڭ كېپىكە كۈلۈپ كەتتۇق.

بۇ بالا شياۋشىننىڭ قولىنى سىلىكىپ تۇرۇپ:

— تاغا، سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ! — دېدى شياۋشىن كەينى-كەينىدىن.

— دۇنيادا پەقەت ئانىملا ياخشى...

يۈرىكىم قارتتىلا قىلىپ قالدى. خۇددى بىرسى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن: بىز مۇشۇ پويىزدا ئولتۇرساق، بۇ پويىزدا موشۇنىداق بىر ئوماق بالا ئۇچرىسا، بۇ بالا ھېچنېمىنى ئېيتماي مۇشۇ ناخشىنىلا ئېيتسا، يەنە كېلىپ بۇ ناخشىنى ئاڭلاۋاتقان كىشى قىرىشقاندەكلا شىنشۇرۇڭ بولسا...

مەن يالىلارچە سەبىيلىككە تولغان بۇ ناخشا ساداسى ئىچىدە يوغان ئىككى تامچە ياشنىڭ شياۋشىننىڭ كۆز چانىقىدا ھەسرەت ۋە ئەلەم بىلەن يالتىراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

مەن بالىنى يېنىمغا تارتىۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزىتىۋىدىم، شياۋشىن بۇنداق قىلىشىمنى توستى:

— ئېيتىۋەرسۇن، ئېيتىۋەرسۇن!

مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقىنىنى سەزدىم.

— ئانىسى يوق بالا ئۇخشار بىر تال گىياغا ...

بالا چاۋاك ئۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتى، ناخشا ساداسى دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ھۇۋۇلداپ تۇرغان كەڭ دالىدا ئەكس سادا قايتۇرۇۋاتاتتى...

بېگفۇ.

مەن چىقىدىغان پويىز ئەتىسى تاڭ سەھەردە شىنشۇرۇڭ چۈشىدىغىنىدىن كېچىكىپرەك ماڭىدىغان بولغاچقا ئاۋۋال ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولدۇم. ئۇ ياخشى نىيىتىمنى قايتا-قايتا رەت قىلىپ مېنى دەم ئېلىشقا ئۈندىدى، ئەمما مەن يەنىلا ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش نىيىتىمدىن يانمىدىم.

ئۇ چىقىدىغان خېفىيدىن بېيجىڭغا بارىدىغان 128-قېتىملىق تېز پويىز يېرىم كېچە ئون بىردە ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇيۇل-تويۇللا ئازراقتىن تاماق يەۋېلىپ، كەچ سائەت توققۇزدىلا پويىز ئىستانسىغا يېتىپ كەلدۇق.

پويىز ساقلاش زالى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى. قاتمۇ-قات غەم-غۇسسىگە پاتقان شياۋشىننىڭ چىرايى ئېچىلمايۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ھېسسىياتنى چۈشەنگەچكە يەنە بىرنېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىشەپ كۆرۈپ جىممىدە ئولتۇرۇۋەردىم.

ئۇشتۇمتۇتلا دېڭىچۆنشىۋ ماڭا ھاۋالە قىلغان ئىشنى تېخى ئورۇندىمىغانلىقىم يادىمغا چۈشۈپ، شياۋشىنغا

مۇنداق دېدىم:

— شۇرۇق، مەن چوڭ بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئانىڭىز ئاكا-ئۇكا بىرنەچچىلار چۈشكەن سۈرەتتىن بىر پارچە بەرسە دېگەنىدى.

ئۇ بېشىنى چايقىدى:

— بۇ ئىشنى شياۋدۇيجاڭ ماڭا دېگەن، بولدىلا يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ئورنى قالمىدى.

بېلەت تەكشۈرۈش باشلاندى، مەن ئۇنى ئۇزىتىپ ۋوگزالغا كىردىم.

— مەن ئانامغا ئاكا-ئۇكا بىرنەچچىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى يېزىپ بېرىشنى ئېيتقان، — دېدى ئۇ ۋوگزال سەھنىسىدە، — ئۇ ئىمىشقا يېزىپ بەرمىدىكىن-تاڭ.

— سىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئانىڭىز جەزمەن ئېيتىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا سۈرەتتىن بىر پارچە بېرىشىڭىز كېرەك، ئۇ ئىمىلا دېگەنبىلەن تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئازلا كۈنى قالدى. دەرۋەقە، بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم نەسىھەت قىلىپ.

ئۇ يەنىلا بېشىنى چايقىۋىدى، بۇ نىيىتىمدىن يالتايدىم.

پويىز پۇشقۇرتقىنىچە ۋوگزالغا كىرىپ كەلدى، مەن ئۇنى ۋاگونغا چىقىرىپ قويماقچى بولدۇم.

تۇساتتىن بىرەيلەن شۇرۇقنىڭ ئىسمىنى تووۋلاپ كىرىش ئېغىزى تەرەپتىن ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، قارىسام جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچېڭگاڭ ئىكەن. ئۇ سومكىسىدىن رەتلىك قاتلانغان بىر خالتىنى چىقىرىپ شۇرۇققا ئۇزاتتى:

— بىر ئەزنىنى ھېلىلا قولدىن چىقىرىۋېتىپ سىزنى ماشىنا بىلەن قوغلاپ كېلىشىم، ھېلىمۇ ياخشى كېچىكىپ قالماپتىمەن، بۇنى ئانىڭىز سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتقان، پويىزغا چاققان چىقىڭ!

شۇرۇق شياۋچېڭگاڭ ئىككىمىزنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ كەينى-كەينىدىن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن پويىز ئىشىكىگە قەدەم قويدى.

گۇدۇك ئاۋازى ياڭرىدى، پويىز قوزغىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

تۇساتتىنلا شىن شۇرۇق پويىز خادىمىنىڭ توسقىنىغا قارىماي يەرگە سەكرەپ چۈشتى-دە، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىرگە چۈشكەن بىر سۈرەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى:

— خاپا بولماي بۇنى ئانامغا بېرىپ قويساڭلار!

ئۇ كېپىنى تۈگىتىپلا تەمكىنلىك بىلەن ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ۋە شياۋدۇيجاڭغا ئاخىرقى بىر قېتىم ھەربىي سالام بەردى.

ئۇ ئالمان-تالمانلا پويىزغا چىقىۋالدى، پويىزنىڭ چاقى ئاستا قوزغىلىشقا باشلىغانىدى.

شىن شۇرۇق ئورنىغا جايلىشىۋېلىپ ئانىسى ئەۋەتكەن خالتىنى ئاۋايلاپقىنە ئاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېزىلغان بىر پارچە قەغەز، ئاستىدا تۆت قاتلانغان بىرنەچچە يۇڭ پايپاق تۇراتتى، ھەر بىر پايپاقنىڭ مەيدىسىگە ئاپئاق گۈل توقۇلغان بولۇپ، ئاق گۈلنىڭ ئۈستى چېكىت-چېكىت قان داغلىرى بىلەن بويالغانىدى؛ ئۇنىڭمۇ ئاستىدا بىرنەچچە جۈپ پەتەك تۇراتتى، ئۇنىڭدىكى شىرىق ئىزلىرىمۇ چېكىم-چېكىم قان بىلەن بويالغانىدى. پەتەككە يەنە «ئانا بولغىنىمدىن خىجالەتمەن» دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەنىدى.

شىن شۇرۇق بۇ خەتلەرگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى سوغۇق مەڭزىنى بويلاپ پەتەككە تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

پويىز خۇەيخې كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇ دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ئەگرى-بۈگرى ئانا دەريا خۇەيخېنىڭ سوغۇق ئايدىڭدا جىمجىت ئېقىۋاتقانلىقىغا نەزەر تاشلىدى ھەمدە پەتەكلەرنى ئېلىپ دېرىزىدىن بىر-بىرلەپ چۆرۈۋەتتى، پەتەكلەر كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا پىلدىرلىغىنىچە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ بىردىنلا يەر-جاھان چۆركىلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇ سوغۇق دەريانىڭ غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى...

## خاتىمە

مەن سېچۈەندە قەلەمكەشلەر يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۇنى تۈگەتكەندىن كېيىن خېفېيغا ئالدىراپ-تېنەپ قايتىپ كەلدىم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئەنخۇي ئۆلكىلىك ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى دېڭچۈەنشيۇ، جۇجېڭشىنلارنىڭ ئەرزىنى قايتىدىن تەكشۈرەيتتى ۋە ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىراتتى.

يىل ئاخىرىسى ھەممىدىن ئالدىراش ۋاقىت ئىدى، مەن ئىشخانىدا يىغىنغا قاتناشقانلىقىمدىن يىغىلىپ قالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتىم. تېلېفون جىرىڭلىدى، شىن شۇرۇق بېيجىڭدىن ئۇرغانىكەن. ئۇ ماڭا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى چۈشكەنلىكىنى، جۇجېڭشىنىڭ ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن تەقەززالىق بىلەن: «ئانىڭىزچۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ جاۋابىدىن

ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىمۇ كېچىكتۈرۈلۈپتۇ. مەنمۇ پۈتۈنلەي يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. ئارقىدىن ئۇ بىيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ماقالە يازماقچى بولغان ئىشنى لاۋچىنغا ئېيتقانلىقىنى، ئۇ ناھايىتى قوللاپ: « يېزىش كېرەك، ئەمما مېنى يازمىسۇن، يازسىمەن دېسە ج خ كادىرلىرى ۋە ساقچىلىرىنى يازسۇن، ئۇلار ھەقىقىي تۆھپىكارلار، خەلقىنىڭ ئەڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرى، ئۇلار جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئۇۋالچىلىق ئاقلاندى، مەن بولسام بىر پېشقەدەم جەڭچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم» دېگەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن ئابرويلۇق بۇ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ئالىيجاناب روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ ئادەتتىكى بىر جەڭچىگە قىلغان قىزغىن غەمخورلۇقى پارتىيىمىز، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنىدى.

شىپىشۇرۇڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىلىك 3-تۈرمىگە ئاپىرىۋېتىلگەنلىكىنى، شۇ يەرگە زىيارەت قىلىپ بېرىپ قالسام ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشۇمنى، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ئېيتتى. مەن ئوپئول-توپئوللا ماقۇل بولدۇم، چۈنكى مەن شۇ يەردە ئىشلىگەن بولغاچقا ئۇ يەردىكىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى تونۇشاتتىم. شىپىشۇرۇڭ بۈگۈن ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدى ھەمدە ماڭا دەررۇ بەزى دورىلارنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئانىسىغا بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى...

تۈرۈكنى قويۇپ ئۆزۈمنى ئۆزاققىچە باسالمىدىم. ئۆلۈم جازاسىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى ئۆلمىگەنكە قارىغاندا ياخشى تۇيۇلمىسىمۇ، نىمىلا دېگەنبىلەن بىر جاننى ساقلاپ قالاتتى، بۇ ئاتىسىدىن ئايرىلغان، يەنە كېلىپ گۇناھقا پاتقان ئانىسىدىن ۋاز كېچىشكە چىدىماپۋاتقان بىر ئوغۇل ئۈچۈن ئېيتقاندا قانائەتلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئىدى.

بالكوندا چوڭ-كىچىك ئىككى قۇشقاچ بىر-بىرىنىڭ يۇمشاق پەيلىرىنى چوقۇلىشىۋاتاتتى، مەن بىردىنلا قىش ئايتىپىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بۆلەكچىلا ئىسسىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم...

(بېشى 102-بەتتە)

— ھەي يۈرىكىم، ئۈمىدىمنىڭ قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقىغا قاراپ ئۇچقىن. گويا مەڭگۈ قايتمايدىغان قۇش كەبى.

* * *

مەن ئەشەددى ئۈمىدنىڭ ئىگىسى. ھەي پەرۋەردىگارىم، ماڭا مۇساپەگنى سىرلىق بولسىمۇ ئاتا قىلساڭچۇ؟

* * *

مەن ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن، ئۆز-ئۆزۈمنىڭ يوللىرىدىن.

* * *

ھەي ئېرىنىپ كېتىۋاتقان چۈش باللىرى، سىزلەرنى ئۆزۈمنىڭ قان ياتقۇزۇلغان مۇساپىلىرىمنىڭ باش توگۈنىدىن ئىزدەيمەن؟!...

* * *

يوقال! مۇزلىغان سايىلىرىم!؟
كەل! يالقۇنجاۋاتقان چۈشلىرىم!؟

* * *

مېنىڭ گۈلگۈن ئۈمىدىم — باھار كېچىسى دېرىزىلەرنى ئۈنسىز چېكىپ يۈرگەن چۈش پەرىشتىسىدۇر.

* * *

ھەي، پەيغەمبەردىنمۇ مۇقەددەس بولغان باللىقىم قېنى سەن!؟
— مەن چۈش خارابىلىرىنىڭ ئاستىدا.

# نەسىرلەر

ئابدۇكېرىم ناسىر

ئىنسان — بەربىر ئۆز-ئۆزىنىڭ ۋەھشىي خائىنىدۇر.

*　*　*

ئۆلۈم — ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك پاكلىنىش مۇنچىسى.

*　*　*

«ئۇلۇغ يوقلۇق» تىن — ئۆز-ئۆزۈمنى ئىزدەيدىغان چەكسىز مۇساپىلەر تۇغۇلدۇ.

*　*　*

ئۆلۈش — تىرىلىشنىڭ مەنا چوڭقۇرلۇقىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ.

*　*　*

شېئىر — مېنىڭ ھايات دەرىخىمگە ئويۇلغان سىرلىق چۈشۈم پەرىشتىسىنىڭ سۈرىتىدۇر.

*　*　*

شائىر — پەرىشتىنىڭ باش سۆڭىكىدىن ياسالغان سىرلىق كوزىدۇر.

*　*　*

چۈش — ئاڭ بوشلۇقىدا مەڭگۈ ئۈچىدىغان ياۋا تۇلپار.

*　*　*

مۇھەببەت — مەڭگۈ تېشىپ بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان ئىلاھى بۇلاقتۇر.

*　*　*

مېنىڭ ئۈمىدىم — پايانسىز كېچىنىڭ ساناقسىز كۆللىرىگە سىڭىپ تۈگىدى.

*　*　*

مەن مۇھەببەت سۇلالىسى دەۋرىدە مۇقەددەس پەيغەمبەرگە ئايلاندىم. تەنھالىق ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە كەلگەندە تەقۋادار شەيتانغا ئايلاندىم.

*　*　*

ئادەمنىڭ ۋەھشىيلىكى — دەل مۇھەببەت ئالىمىنى مەنىسىز ئالەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدا.

*　*　*

مۇھەببەتنى يۈكسەك سىترىئولۇق مەنىگە ئىگە قىلىدىغىنىمۇ ئۆز-ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز ئىزدەۋاتقان ئادەم، مۇھەببەتنى پۇچەك-قۇرۇق مەنىسىزلىككە يۈزلەندۈرىدىغىنىمۇ ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان ئادەم.

*　*　*

ئادەم روھى — مەڭگۈلۈك تىراگېدىيىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى.

*　*　*

ئاھ، شېرىن چۈشلىرىم؟! سېنى بەختسىز شائىرنىڭ يۈرىكىدىن ئىزدەيمەن؟!

(داۋامى 101-بەتتە)

# مىسرالاردىن تەرمىلەر

دولقۇنلۇرۇم ئۆركەشلەپ يۈيۈپ ئۆتتى قۇشلارنى،
قايسى قۇش ئۇ قەلبىمنىڭ ئاسمىنىدا پەر
قاققان؟

— مۇتەللىپ مەخسۇرنىڭ «گۈل بەرگى» ناملىق
شېئىرىدىن

زەڭگەر ئاسمان ئوينىغان يېشىل چىمەن ئىچىدە،
بىھوش جىسمىڭ كۆلىدىن قوپتۇم قايتا تىرىلىپ.

— مۇتەللىپ مەخسۇرنىڭ «تىرىلىش» ناملىق
شېئىرىدىن

دەريالار
ئايلانغانمىش گۈلگۈن شارابقا،
ئىھ، بارچىمىز بولۇپ قاپتۇق مەست.
سۆيۈشكەندە يەر بىلەن ئاسمان
خىلۋەتتىكى نامرات كەپىمىز،
يۇلتۇزلارغا تولغانمىش پەۋەس.

— كېرىمجان سۇلايماننىڭ «تاشنامە» ناملىق
شېئىرىدىن

دۇنيادىكى ئۇلۇغ سۆيگۈگە
كىشى بەردىكىن مۇھەببەت دەپ نام...
قايسى ئانا تۇغدىكىن قاچان،
شۇنچە ئاتەش كەبى ۋولقانىنى
قەيەردە ساقلاپ ئۇ پىنھان؟

— مۇنەۋۋەرنىڭ «ماۋزۇسىز» ناملىق
شېئىرىدىن

قۇش ماكانى ئۆرتەنگەن قەلبىم.

— نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشىنىڭ «بۇزۇلغان
سۆكۈت» ناملىق شېئىرىدىن

تام سۈرەتسەن
بۇ جىسمىمغا نە پىس ئويۇلغان.

— ئادىل قارلۇقنىڭ «بۇ يەر» ناملىق شېئىرىدىن

قۇچاقلىغىن مېھرىڭ بىلەن چىڭ،
پاك روھىمنى مۇقەددەس خۇدا.

— مۇھەممەت ئىمىن غۇپۇرنىڭ «تۇغۇلغان كۈنۈم»
ناملىق شېئىرىدىن

بىر تال شام بوپ نۇر چىقاردۇق قاراڭغۇلۇقتا،
ئۆزىمىزنى يورۇتۇشقا يەتمەي شولىمىز.

— مۇھەممەت تۇرسۇن ھامۇتنىڭ «مەست كې-
چە» ناملىق شېئىرىدىن

شاراب پەۋەس، شىشىدۇر تېنىڭ.

— قاھار قادىرنىڭ «ماۋزۇسىز» ناملىق
شېئىرىدىن

ۋۇجۇدۇمدىن تۆكۈلدى خازان.

— ئىسمايىل قاسىمنىڭ «سۆيگۈ خاتىمىسى»
ناملىق شېئىرىدىن

قانلىرىم كۆيمەكتە، شورايمەن يەنە
ئاتەش
جەڭگىۋار سولدا تەمەن...
سەن بىر ئىستىھكام...

— مۇتەللىپ مەخسۇرنىڭ «R گە» ناملىق
شېئىرىدىن

روجەكلەردە سولغۇن بىر سىما،
ناخشىلارغا قونىدۇ ئۆزاق.

يۈرىكىمدە يىغلايدۇ بوشلۇق.

— ئېلى ئابدۇقادىرنىڭ «لېرىكسەن ماڭا سەن
ئۆزۈڭ» ناملىق شېئىرىدىن

— ئىشكىكە قاراي پىچىرلىسۇن ئۇ،
بۇ تەرەپكە كەپكەتتى سۆيۈش.

— ئابدۇرىشىت ئېلىنىڭ «مېنى قويۇۋەت»
ناملىق شېئىرىدىن

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

**ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرى**

شىنجاڭ «ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتى» 28-ئۆكتەبىر خوجىياڭ سارىيىدا 2-قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، بىر تۈركۈم مىللىي يازغۇچىلارنى ئەزالىققا ۋە ھەيئەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا «ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتى»نىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

**جۇڭگو مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى**

شىئەن خۇاگۇاڭ ماشىنا زاپچاسلىرى ياساش شىركىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئاددىي ئايال ئىشچىسى سۇن جۇنشەن ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «ئاق قار» ناملىق رومانىنى يېزىپ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا سۇنغان بولسىمۇ، نەشرىيات تەرىپىدىن تىلى ئاددىي، بەدىئىيلىكى تۆۋەن دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن قايتۇرۇۋېتىلگەن. سۇن جۇنشەن قىلچىمۇ بوشاشماي سەۋرچانلىق بىلەن رومانىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، ئۆزگەرتىپ، قىسقارتىپ ئىشلەپ شەنشى خەلق نەشرىياتىغا سۇنغان. نەتىجىدە سۇن جۇنشەننىڭ «ئاق قار» رومانى ئاخىرى «8-مارت ئاياللار بايرىمى»غا ئۈلگۈرۈپ نەشردىن چىققان. رومان كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. رومان ۋەقەلىكىنىڭ مەنتىقىلىقى، تەسىرچانلىقى بىلەن كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالغان.

ھازىر بۇ رومانىنى جۇڭگو تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش مەركىزى تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، 4-قېتىملىق دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. سۇن جۇنشەن بولسا ئىككىنچى رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

△ تۇنجى قېتىم ئىسلام مەدەنىيىتى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان نوپۇزلۇق ئېنسىكلوپېدىيە «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق يېقىندا سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيە مەزمۇن جەھەتتە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى يادرو قىلغان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك پەننىي بىلىملەر، دىنىي بىلىملەر، دىنىي قائىدە-تۈزۈم، دىنىي مەزھەپلەر، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى دىنىي ئەربابلار، تارىخىي ۋەقەلەر، قۇرئاندىكى شەخسلەر ۋە بايانلار، مەشھۇر تەپسىرلەر، مەدەنىي مائارىپ، ھەرقايسى ئەل ئىسلام دىنى، ھېيت-بايراملىرى قاتارلىق ئون سەككىز چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئومۇمىي خەت سانى 2 مىليوندىن ئاشىدۇ.

**چەت ئەل ئەدەبىيات مۇنبىرى**

فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق ئايال يازغۇچىسى مارگرىت.دۇراس 1990-يىلى بالىنىسىدىن چىقىپ «يازدىكى يامغۇر» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى.

دۇراس يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كونا ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىپ يازغان. مەسىلەن: 1984-يىلى يېزىلغان

« دوست » ئەسىرىنى 1991-يىلى « شىمالدىكى جۇڭگولۇق دوست » قا، 1971-يىلى يېزىلغان « ئاھ، ئۇۋېنستو » ئەسىرىنى « يازدىكى يامغۇر » غا ئۆزگەرتكەن. « يازدىكى يامغۇر » ھەزەپ-نەپرەت ۋە ماختاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل باھاغا ئېرىشكەن ئەسەر. دۇراس ئۆزى مۇنداق دەپ يازىدۇ: « كىشىلەر ئېھتىمال بۇ كىتابنى چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ سۆزلۈكلا بولماستىن، بەلكى كىتاب بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە ھەسرەتلەندۇرۇپ يىغلىتىدۇ ».

△ يېقىندا ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى بىر بۆلۈم رادىئو دراممىسى ئىشلىگەن بولۇپ، پۈتۈن دراممىنىڭ ئومۇمىي ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى پەقەتلا ئۈچ مىنۇت. دراما ئۈچ مىنۇتلۇق بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ھەر قىسمى بىر مىنۇتتىن. بۇ رادىئو دراممىسىنىڭ ئىسمى « تېلېفون بوتكىسى » بولۇپ، يېقىندا « جىنىس دۇنيا رېكورت قامۇسى » غا كىرگۈزۈلدى.

△ 34 يىل ئىلگىرى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان ئالبېرت.كامۇس تېخى پۈتمىگەن بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ نامى « بىرىنچى ئادەم » بولۇپ، مۇشۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گارىما نەشرىياتى بۇ مىراس ئەسەرنى نەشر قىلدى. كىتاب بازارغا چىقىشى بىلەنلا بىرنەچچە سائەت ئىچىدە پارىژنىڭ ھەرقايسى كىتابخانىلىرىدا سېتىلىپ تۈگىگەن.

1957-يىلى ئالبېرت.كامۇس نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن.

1960-يىلى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى پۈلۈۋاگىسىدا بۇ « بىرىنچى ئادەم » ھېكايىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. كىتابتا ئالجىرىيەدىكى فرانسىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، فرانسىيەدىكى بازىرى ئەڭ ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالغان.

△ 1994-يىللىق ئەنگلىيە ۋىتبىراد كىتاب مۇكاپاتىغا ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى جون.بىراد ئېرىشتى. جون.بىراد ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن ئېرى بىلەن بىرگە ئەنگلىيىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسىرى « ئۇرۇش نەزەرىيىسى » ناملىق رومانىدىن ئىبارەت. مۇكاپات سوممىسى 23 مىڭ فوند ستېرلىڭ.

△ ئامېرىكىدىكى 25 مىڭ ئامېرىكا دوللارلىق رىيا ھېكايە مۇكاپاتىغا 82 ياشلىق ئامېرىكا ئايال يازغۇچىسى تىلىر.ئالسېن ئېرىشتى. ئۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسىرى، ئۇ 50 ياش ۋاقتىدا ئېلان قىلغان ھېكايىلەر توپلىمى « ماڭا تېپىشماق تېپىپ بەر » دىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت پارچە ئەسىرى ئۆزگەرتىلىپ دراما ۋە كىنو قىلىپ ئىشلەندى. يەنە بىر قىسىملىرى « بۇگۈنكى دەۋر ئامېرىكا ھېكايىلىرى »، « ئەڭ ياخشى ئامېرىكا ھېكايىلىرى »، « ئو.ھېنرى مۇكاپاتى ئەسەرلىرى »، « 55 پارچە ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەر » توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى.

△ « نەشر سودا ھەپتىلىك گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ئامېرىكا يازغۇچىسى يۈسۈف.ھاللى « ھەربىي مىزانىنىڭ 22-ماددىسى » دېگەن ئەسىرىنىڭ داۋامى « يېپىق

پەيتتە» كىتابىنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىنى S&S نەشرىيات شىركىتىگە تاپشۇرغان. ئەسەر پات ئارىدا نەشردىن چىقىدىكەن.

60-يىللارنىڭ دەسلەپىدە «قارا يۇمۇر ئېقىمى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچىسى يوسۇف.ھاللى «ھەربىي مىزاننىڭ 22-ماددىسى» دېگەن رومانىنى ئېلان قىلغان. ئەسەر نەشردىن چىقىش بىلەنلا غەرب دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان ھەمدە ئامېرىكا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر دەپ قارالغان. ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ داۋامى يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا قىلامدۇ-يوق؟ كىتابخانلار ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر بۇ كىتابنى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە كۈتۈشمەكتە. (تەھرىر بۆلۈم تەييارلىغان)

△ غەربتە داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان «داڭلىق ئەسەرلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ يېزىش دولقۇنى» كۆتۈرۈلدى. «پەرۋاز» نىڭ داۋامى «سىيشلى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «كېپىنەك چۈشى» نىڭ داۋامى «دېۋىنت خانىم»، «ھاكاۋۇرلۇق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك» نىڭ داۋامى «پىگبول» يېزىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا «دوختۇر ژىۋاگ»، «شاۋقۇنغا تولغان تاغلىق كەنت»، «فورسەيى ئائىلىسى» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىمۇ ئارقا-ئارقىدىن كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ياۋروپا، ئامېرىكا كىتاب ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ خىل بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان «داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش دولقۇنى» غا بولغان كۆزقارىشى بىردەك بولمىدى. بەزىلەر «ئۇ، كىتابخانلارنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىنتىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش پسىخىكىسىنى قاندۇردى. ئۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كېتىش ھاجەتسىز» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «بۇ، ئەسلى ئاپتورغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، قاما تۇماقا ماتا تاش تۇتقاندەك ئىش، ئۇنى تەشەببۇس قىلماسلىق كېرەك» دەپ قاراشتى. بەس-مۇنازىرە قانچە كۈچەيگەنسېرى داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ شۇنچە كۆپەيدى. ئۇلار يازغان ئەسەرلەرنىڭ سېتىلىشىمۇ شۇنچە تېز بولدى. بۇنىڭ بىلەن داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھەتتا بەزىلەر داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يازىدىغان بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش مودا بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازىرى ئىنتىك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاپتورلارغا ئويلاپ باقمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بەزى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرلەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ۋەقەلىكى، تىلى ۋە يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئەسلى ئەسەر بىلەن ئىنتايىن كۆپ پەرقلەنگەچكە ئوبزورچىلار ۋە كىتابخانلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ بېشىنى ھەممىدىن بەك قاتۇرغىنى ئەسەر داۋامى پۈتكەندىن كېيىن نەشر قىلىشتا ئاۋارىچىلىققا ئۇچراش بولدى. «دوختۇر ژىۋاگ» نىڭ داۋامى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. ئەينى يىلى پاستىرناك «دوختۇر ژىۋاگ» نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سابىق سوۋېت

ئىنتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئامالسىز يوشۇرۇن ھالدا ئىتالىيىنىڭ كىتاب سودىگىرى فېرتىسنال ئارقىلىق 1957-يىلى رىمغا ئاپىرىپ نەشىر قىلدۇرغانىدى. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ نەشىر ھوقۇقى ھازىرغىچە ئاشۇ كىتاب سودىگىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يازغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ئەسەر داۋامىنى يازغان ئاپتور ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇندى ۋە ئەسەر داۋامىنىڭ نەشىر قىلىنىشىنى توسۇپ قالماقچى بولدى. بىراق ئەسەر داۋامىنى نەشىر قىلماقچى بولغان دافود نەشرىيات شىركىتى ئەرزگە نىسبەتەن قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، بۇ ئەسەرنى يېقىندا نەشىر قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا «سىجالى» بىلەن كۆتۈرۈلگەن «داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش دولقۇنى» نىڭ توختايدىغان پەيتى تېخى يېتىپ كەلمىگەندەك قىلىدۇ.

△ ئېرلاندىيىنىڭ داڭلىق ھازىرقى زامان يازغۇچىسى جامىس جويسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قان-تەرى بەدىلىگە يېزىپ چىققان نادىر ئەسىرى «يولىسىس» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاڭ ئېقىمى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «مۇقەددەس كىتاب» دەپ تەرىپلىشىدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشتا گاڭگىراپ قالغان باش قەھرىمان بىروم ۋە ئۇنىڭ كېيىپ-ساپاغا بېرىلگەن خوتۇنى ھەمدە ئۆزىگە ئاتاق دادا ئىزلىگەن ياش ئوقۇغۇچى ستىنپاندىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزلۈك كەچۈرمىشلىرىنى ھەققىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ يېتىمسىراش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «يولىسىس» تۇنجى قېتىم 1922-يىلى پارىژ شېكسپىر قىرائەتخانىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن «شەھۋانىي ئىشق-مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن جەمئىيەتكە يامان تەسىر بېرىدۇ» دەپ قارىلىپ، توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ھەم ئىككى قېتىم سوتقا ئەرز قىلىنغان. تاكى 1933-يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا كىتابخانىلىرى بىلەن ئاشكارا يۈز كۆرۈشكەن.

بۇ يىل يەتمىش يىللىق تارىخقا ئىگە «يولىسىس» ئاقىۋەت جۇڭگو مەتبۇئاتىدا پەيدا بولدى: ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى (خەنزۇچە) نەشىر قىلغان جېندى ئەپەندىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى (1-قىسىم) بىلەن نەنجىن تەرجىمىلەر نەشرىياتى (خەنزۇچە) نەشىر قىلغان شاۋگەن، ۋىنجىرو ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى جۇڭگو كىتابخانىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شاۋگەن: «يولىسىس مەن كۆرگەن كىتابلار ئىچىدىكى چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش قىيىن بولغان كىتاب» دەيدۇ. بۇ ئەسەردىن بىمەنىچىلىك ئېقىمى، رومانتىزم ئېقىمى، رېئالىزم ئېقىمى، ئابستىراكتچىلار ئېقىمى ۋە ئاڭ ئېقىمى... قاتارلىق ئۇسلۇبلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاملىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەسەردە قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئېنگلىز تىلى، لاتىن، فرانسۇز تىلى قاتارلىق ھەرخىل تىل-يېزىقلار خالىغانچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىلاسسىك دىنىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان سۆز-ئىبارىلەر تېخىمۇ كۆپ.

( مېھرىنسا ئىسمايىل تەرجىمىسى )

### بازىرى ئىتتىك كىتابلار

جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قانۇنچىلىققا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلارنى قىزىقتۇرۇشى ئەڭ زور بولماقتا. يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى «قانۇنچىلىققا ئائىت نادىر ھېكايىلەر» تېمىسى ئاستىدا بىر يۈرۈش «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىدا»، «راست-يالغان ئەر-خوتۇن»، «پۇل ئۈستىدىكى جىنايەت» قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كەڭ كىتابخانلارغا سۇنماقچى. «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىدا» ناملىق كىتابقا شۇ ناملىق ئەسەر، «تۆت مىڭ يۈەن بىلەن تۈگىتىلگەن دېلو»، «چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان قىزنىڭ چۈشكۈنلىشىشى»، «سەككىز قىزچاقتىن تەشكىللەنگەن ئوغرىلىق گۇرۇھى»، «كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئاپتوموبىل بۇلاش دېلوسى»، «ئاق رەڭلىك ھالاكەت سىزىقى» قاتارلىق ھېكايىلەر؛ «راست-يالغان ئەر-خوتۇن» ناملىق كىتابقا شۇ ناملىق ئەسەر، «خەلقئارا مېھمانخانىدىكى ئىشقىۋاز ئاياللار»، «قىزىل ئۈچ بۇرجەكنىڭ مەخپىيىتى»، «بىتچىت بولغان شېرىن خىيال» قاتارلىق ھېكايىلەر؛ «پۇل ئۈستىدىكى جىنايەت» ناملىق كىتابقا شۇ ناملىق ئەسەر، «چۈشكۈنلەشكەن قىزچاق»، «پاپىنىڭ ئۈچ ئېلىشى»، «نامسىز جىلغىدىكى ئالتۇن چايقىغۇچىلار» قاتارلىق ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول، پىكىر ئىزچىللىقى يۇقىرى، مۇھاكىمىلىرى چوڭقۇر، ۋەقەلىكى تەسىرلىك، ئۇسلۇبى يېڭى، تىلى جانلىق ۋە گۈزەل، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك. بۇ ئەسەرلەر كەڭ كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلىپلا قالماي، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن تەربىيىۋى رول ئوينايدۇ.

### ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر يېڭىلىقلار

مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6-قېتىملىق تاشقى ئىشلار خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەرتى ئاستىدا قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ مەملىكەتلىك 16 ئۆلكە، رايون ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار يىغىنىدا ئەستايىدىللىق بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بازارغا يۈزلىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. يىغىندا جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نۇقتىلىق قىلىپ تاشقى ئىشلار خىزمىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇنداقلا يىغىن ۋەكىللىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قارىدى ھەمدە يىغىندا تونۇشتۇرۇلغان ھەرخىل تەدبىر ۋە تەجرىبىلەر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى. 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان يىغىندا مەملىكەتلىك ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، رايون ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى باشلاش جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىر ۋە تەجرىبىلەر تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاندى.

① خادىملار تاق يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇشتىن قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇشقا يۈزلىنىشى كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت كەسپىي خادىملىرى چەت ئەللەردىكى كۆپ قاتلاملىق تەشۋىقات ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئوبرازىنى خەلقئارادا يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇ تەرەپتە جېجياڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېرىشىپ، ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

② ئادەتتىكىچە ئېكسكۇرسىيە زىيارىتىدىن يۇقىرى قاتلاملىق ئىلىم-پەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا يۈزلىنىش كېرەك. بۇ جەھەتتە فۇجيەن، گۈيجۇ، شىنجاڭ قاتارلىق رايونلار زور كۈچ سەرپ قىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى.

③ ئاددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن مەدەنىيەتنى ئۈنۈمپەرسال ئىگىلىككە ئالماشتۇرۇشقا يۈزلىنىش. فۇجيەن ئۆلكىسى يازغۇچىلارنى تەشكىللەپ چەت ئەللىك مۇھاجىرلار كارخانىچىلىرىنىڭ تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن تەرجىمىھال ئەدەبىياتى يېڭىدىن دۇنياغا بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

④ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كارخانىلار ئۈچۈن سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ زىيارەتكە چىقىش. كارخانىلارنىڭ نامىنى ھەمدە كارخانا مەدەنىيىتىنى يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرۈشى، تاشقى يۆنىلىشلىك تەرەققىياتنى شارائىت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يېڭى مۇلاھىزىلەر

جۇڭگودىكى تەتقىقاتچىلار نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېلىمىز يازغۇچىلىرىغا بېرىلمەيۋاتقانلىق سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى:

بۇ مۇكاپات ئومۇمەن ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياكى مۇئەييەن پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرەلىگەن، شۇنداقلا خاسلىقى ئەڭ زور بولغان يازغۇچىلارغا بېرىلىپ كەلدى. لېكىن، جۇڭگو ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەچكە، تەرەققىياتى بەكلا ئاستا ھەم يېتەرسىز ھەتتا ئافرىقا ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئارقىسىدا. شۇڭا جۇڭگودىن لۇشۈن، ماۋدۇن، ۋېن يىدۇ، لىن يۇتاڭ، چەن جۇڭشى، جاڭ شەنلياڭ، بېي داۋ قاتارلىق كىشىلەر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەسەر سانى ئاز ھەم تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى چەكلىك بولغانلىقىدەك باھانىلەر بىلەن قالدۇرۇلغان.

مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئىككىنچى قېتىم باش كۆتۈرۈپ چىققاندا نوبېل ئەدەبىياتى دىققىتىنى لاتىن ئامېرىكىسى، ئافرىقا ۋە ئاسىيا ئەللىرىگە قاراتقاندى. ھازىر، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا رېئالىزم ۋە مودېرنىزم بىرلەشتۈرۈلگەن يەنە بىر پەللە كۆتۈرۈلگەن رېئالىزم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئېلىمىزدىن باجىنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئەدەبىيات خاتىرىلىرى» ئېلان قىلىنىپ بۇ مۇمكىنچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. (تەھرىر بۆلۈم تەييارلىغان)

## باي بولاي دېسىڭىز، بېيىشقا دائىر يەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولۇڭ

يەن-تېخنىكا ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە، تاۋارنىڭ قىممىتى ئەمگەكنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆپەيمەستىن، بەلكى تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنىڭ تەدبىقلىنىشىغا ئەگىشىپ كۆپەيمەكتە. ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى ۋە بازار ئەھۋالىغا پايدىلىق ئۇچۇرلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللانغاندا، بايلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بېيىغان ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە كارخانىچىلار قانداق قىلىپ نامراتلىققا خاتىمە بېرىپ تېز بېيىغان؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: ئۇلار بىرىنچىدىن، كاللا ئىشلەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەردى؛ ئۈچىنچىدىن، يەن-تېخنىكىغا ھۆرمەت قىلدى.

پارتىيىمىز خەلقنى ئۇچۇر مەنبەسىنى ئېچىپ، يەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا چاقىرماقتا. بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئىلغار ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق خەلقنى نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا باشلاش، چەت-ياقا ۋە نامرات رايونلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، بىز نۇرغۇن ۋاقىت، ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، خەنزۇچە ۋە چەت ئەللەردىن تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىق، يەم-خەشەك، بېلىقچىلىق، تىبابەتچىلىك، كىچىك تېپتىكى سانائەت، جۈملىدىن يېمەك-ئىچمەك سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە دائىر كۆپلىگەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇچۇر ماتېرىياللىرى ئىچىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا ماس كېلىدىغانلىرىدىن بىرنەچچە يۈزنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق، شۇنىڭدەك سىزنىڭ تاللاپ پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن بۇ ماتېرىياللارنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزدۇق. تۆۋەندە يېزىلغان ئادرېسىمىزغا بەش يۈەن پۇل بىلەن (پوچتا ھەققى ئىچىدە) ئىسىم-فامىلىڭىزنى ۋە ئادرېسىڭىزنى، پوچتا نومۇرىڭىزنى تولۇق يېزىپ ئەۋەتسىڭىز، ماتېرىياللار مۇندەرىجىسىدىن بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىمىز. سىز مۇندەرىجىدىكى نومۇرلار بويىچە ئۆزىڭىزگە ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكىنى تاللاپ ئالىسىز.

دوستلار، مۇشۇ پەيتتە بەلكىم نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقانسىز، بەلكىم ئۆز يېرىڭىزنىڭ بايلىقىنى ئېچىپ، يەرلىك ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، خەلقنى ئورتاق بېيىتىشتەك ئۇلۇغۋار غايىدە بولۇۋاتقانسىز، ئۇنداق بولسا بىز قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا باسايلى.

ئۈرۈمچى «ئالتۇن كۆۋرۈك» يەن-تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت مەركىزى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 4-نومۇرلۇق قورۇ

(ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى خىزمەت بىناسىنىڭ 2-قەۋىتى 16-نومۇرلۇق ئۆي)

ئالاقىلاشقۇچى: مۇھەممەت ئەھمەد

تېلېفون نومۇر: 2872301، 9000661

پوچتا نومۇرى: 830001






دۇنيا
فىيۈنى
تونۇسۇن




فىيۈنى
دۇنياغا
يۈزلەندۈرەيلى

جېجياڭ فېي يۈ كيىم تىكىش كارخانىسى سانائىتى شىركىتى

شىنجاڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 8-نومۇر (قوشۇمچە 1-نومۇر)

تېلېفون نومۇرى: 2842699، 9105676، 2062 — 2819301

پوچتا نومۇرى: 830002  باش دىرېكتور: چيۇ جىگو



قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاقلاشقۇچى: ئالىم خالىدىن

تېلېفون نومۇرى: 2818897

چاقىرغۇ ئاپپارات نومۇرى:

126 ئارقىلىق 32661



《天尔塔格》文学双月刊
1995年　第1期

Tangritag Two Monthly Literature
Journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1995-يىل 1-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐新华南路16号
电话：2818897 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司782（信箱）
国内统一刊号：CN65—1012/1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
CN 65—1012\1
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 — 58

零售价：2。20元
پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن